ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى



# ھايات ھەقىقەتلىرى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى

# ھايات ھەقىقەتلىرى

تۈزگۈچى : ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

人生真理：维吾尔文/吾布力阿西木·卡斯木编
.—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.5
（健康快车系列人生指南丛书）
ISBN 978-7-5466-1307-9

Ⅰ.①人… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①人生哲学—青年读物—维吾尔语（中国少数民族语言）②人生哲学—少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①B821-49

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسمايىل مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت ياسىغۇچى: ئابدىلىم تۇرسۇن

ھايات دەستۇرى مەجمۇئەسى

**ھايات ھەقىقەتلىرى**

تۈزگۈچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
* * *
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7.125
2013 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1307 - 9
باھاسى: 22.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

كىشىلىك ھاياتتا ئادەم نېمىگە يولۇقمايدۇ، نېمىلەرگە ئۇچرىمايدۇ دەيسىز؟ بۇ، پەرەز قىلىش، مۆلچەرلەش، ھەل قىلىش، جاۋاب بېرىش قىيىن بىر تېما، ئەمما بىز «ھايات دەستۇرى» ناملىق كىتابقا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، بىز يولۇققان، بىز ھەل قىلىشقا تەشنا بولغان، جاۋاب تاپالمايۋاتقان سوئال، مەسىلىلەرگە تېزلا جاۋاب تاپالايمىز. سىز قايسى نۇقتىدىن نەزەر سېلىڭ، قايسى تەرەپتىكى سوئالغا جاۋاب ئىزدەڭ، مۆلچەرلىگەندىنمۇ ياخشى، ئۆلچەملىك، جانلىق، قايىل قىلارلىق جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز. شۇنداقلا يەنە ئۆزگىلەرنىمۇ رازى قىلىدىغان مەزمۇن، مەنە ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرىگە ئىگە بولالايسىز.

بىز ئۇزاقتىن بۇيان شۇنداق يەكۈن ۋە قەلب تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان نۇرغۇن مەزمۇن، ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، زاماننىڭ تەرەققىياتى، تەقەززاسى بىلەن بۇ مەزمۇندىكى دۇردانىلەرگە تەكرار تەشنا، تەقەززا بولۇشتىن مۇستەسنا بولالماي كەلدۇق ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتەلمەيمىز. كىشىلىك تۇرمۇش داۋامىدا بىز ھەر قېتىم روھىيىتىمىزنى سۇغىرىدىغان تەسەللى، بىلىم ۋە ئىقتىدار، پاراسەتكە تەشنا، تەقەززا بولغاندا، نەلەردىدۇ كۆرگەن، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە دەرھال تاپالمايدىغان ئۇگۇتلەر قايىنىمىغا شۇڭغۇپ باقىمىز. بىراق، ئۇنى دەرھال تاپالمايمىز، بۇنداق چاغدا ئۇھ سىنماي، كۆڭۈل يېرىم بولماي قالمايدۇ، ھەتتا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى بوش ھالەتتە قالىدۇ، سۇكۇت بىلەن روھىي

غەمكىنلىك ئىچىدە مەيۇسلىنىپ قالىمىز تېخى! پەقەت بولمىغان چاغدا ئىزدەش، ئىزدىنىشكە قەدەم قويىمىز ياكى ئىزدەپ بېقىپ توختاپ قالىمىز. تاپالمىساق،ئۆزىمىزگە تەسەللىنى ھەمراھ قىلىش بىلەن تەسكىن تاپىمىز.

قەلەم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەزىدە شۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى يازغۇسى كېلىدۇ ۋە شۇ ئەسەرلەردە باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان ئېسىل ئۈزۈندىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، يازماقچى بولغان ئەسىرىنى بېيىتقۇسى كېلىدۇ؛ بەزىدە ئەھمىيەتلىك يىغىلىش، سۆز قىلىش سورۇنلىرىدا ياخشى سۆز، ياخشى خۇلققا تەۋە بايانلارنى مىسال كەلتۈرۈپ، سۆزنىڭ ئۇرغۇسىنى، مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سورۇنغا جانلىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ؛ ئۆي، مېھمانسارايلار ۋە تۈرلۈك پائالىيەت سورۇنلىرىنى مەزمۇنلۇق، دۇردانە سۆز، ھېكمەتلەرنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىش بىلەن بېزەشكە توغرا كېلىدۇ، بىراق دەل ۋاقتىدا، شۇ ھامان، ئەڭ مۇۋاپىق بولغانلىرىنى تېپىپ، شۇ ئۆي، شۇ تەپەككۇر، شۇ پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز مۇمكىن بولماي قالىدۇ، بەك ئەستايىدىل، قىزغىن ۋە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئىزدەنگەن چېغىمىزدىمۇ ئۇزاق ۋاقىت، كۆپ ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۈگۈن بىز «ھايات دەستۇرى»نى ئاچىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ئېسىل دۇردانىلەرنى، بىز ئارزۇ قىلغان بارلىق مەزمۇن، ئۇقۇم، مەنىلەرنى، ھۆكۈم ھەمدە بۈيۈك ئابىدىلەردەك قىممەتلىك يادنامىلەرنى، ھاياتلىقنىڭ بىز ئويلاپ يېتەلمىگەن بايانلىرىنى تاپالايمىز.

سىز بەخت تۇيغۇسى سەزگەن ۋاقتىڭىزدا بۇ كىتابنىڭ بەختنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ۋە بەخت يەكۈنلىرى ھەققىدىكى قۇرلىرىغا نەزەر سېلىپ قويۇڭ، ئۇ سىزگە بەختنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، بەخت پەيزىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۇزاق سۈرۈش ھوزۇرى ھەققىدىكى دەستەكىنى بېرىدۇ؛ قايغۇغا دۇچ

كەلگەن چېغىڭىزدا، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ سەۋەبچىسى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ھەققىدىكى بايانلارغا نەزەر سېلىڭ، ئۇ سىزگە روھىي ئوزۇق، روھىي ساغلاملىق ئاتا قىلىپ، ئاسايىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ سىز توسالغۇغا ئۇچرىغاندا، تۇرمۇش يولىدىكى توسالغۇلارنى قانداق يېڭىش، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى بايانغا نەزەر سېلىڭ، ئۇ سىزگە تەسەللى بىلەن سەمىمىيەت، ئىرادە بىلەن پاراسەت بېرىپ، قانداق مېڭىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ تۇرلۇك ـ تۈمەن نەقىل ياكى بىرەر مەۋجۇت نەرسە ھەققىدىكى تەبىرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل دۇردانىلەر كۆزىڭىزنى تېخىمۇ نۇرلۇق قىلىۋېتىدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ كىتابتىن سىزنىڭ ھايات ھەققىدىكى بارلىق ئىزدىنىشىڭىز ۋە ھايات كەچۈرمىشلىرىڭىزدە يەكۈنلەپ بولغان، ئەمما خاتىرىڭىزگە ئالالمىغان ھەممە تەرەپتىكى يەكۈنلەر تېپىلىدۇ، ئۇنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇ يەردە. «ھايات دەستۇرى» بىز بۇنىڭدىن كېيىن قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ئەڭگۈشتەر، ئۇ تۇرمۇشىمىزغا، ھاياتىمىزغا مايانك بولۇپ نۇر چاچقۇسى!

تەشكىللىگۈچىدىن

2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي

# تۈزگۈچىدىن

مەن 1975 ـ يىلى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمنى باشلىغان. 1981 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، 2010 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت ئوقۇشنى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدىم. ئەدەبىي ئىجادىيىتىمدە پايدىلىنىش، ئۆرنەك قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇغان كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىتلەردىكى نۇرغۇن ماقالە ـ ئەسەر، ھېكمەت، ماقال ـ تەمسىللەرنى خاتىرىلىۋالدىم. يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندا «يىگىتلەر ۋە مۇھەببەت»، «قىزلار ۋە سۆيگۈ» ھەققىدە، تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن «تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى» ھەققىدە، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن «ئاتا ـ ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش»، «هايات ھەقىقەتلىرى» ھەققىدە، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن «ئادەم ۋە كېسەللىك» ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ماتېرىياللارنى توپلىدىم، ھېكمەتلەرنى يىغدىم. كېيىن مەن بۇ ئەسەرلەرنى توپلەپ كىتاب قىلىپ ئائىلىدە قوللاندىم: ئايالىم، ئوغلۇم، قىزىم، نەۋرەم ئوقۇيدىغان، بەھرە ئالىدىغان بولدى. مەن ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىم ئۈچۈن مەنبە، بېزەك قىلدىم.

قەشقەر سەمەن ساياھەت گۈرۈھىنىڭ لىدىرى، ساخاۋەتچى، مەرىپەتپەرۋەر، بىلىمگە خۇمار ئىبراھىم سەمەن ئەپەندىمنىڭ كىشىلىك هايات، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادەم بولۇش يوللىرى ھەققىدە كىتاب تۈزۈش تەكلىپى بەرگەنلىكىنى دوستۇم ئابلەت جۇمە تۇپراقتىن ئاڭلاپ بەكلا سۆيۈندۈم. ئابلەت جۇمە تۇپراق بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، بىز ئىزدىگەن كىتاب دەل مۇشۇ، بۇ ئالاھىدە

قىممىتى ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار ئوقۇشلۇق بوپتۇ، نەشر قىلدۇرايلى، دېدى ۋە بىر قانچە مەزمۇننى قوشۇش، كونا قاراشلارنى چىقىرىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇ كىتابلارنى قايتا ئىشلەپ، سەككىز چوڭ مەزمۇن بويىچە تۈزۈپ تولۇقلاپ چىقتىم. بەزى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئېلىنغان مەنبەلىرىنى كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىزاھلىدىم، بەزىلىرىنى ئۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بىر يۈرەك قېنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئەسەر يېزىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار، خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بەرگۈچىلەر، شۇڭا بۇ كىتابلارنى تۈزۈش جەريانىدا مېنى ماقالە ـ ئەسەر مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن تور باشقۇرغۇچىلار، كىتاب تۈزگۈچىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. سەۋەنلىككە يول قويغان بولسام، كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن ئەپۇ سورايمەن.

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
2012 ـ يىل 5 ـ ئاي

# مۇندەرىجە


ھايات ھەقىقەتلىرى........................1
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك بىرىنچى ئىش.......1
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئىككى ئىش.........1
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئۈچ ئىش..........5
ھاياتلىقتىكى ئۈچ گۆھەر.........................15
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك تۆت ئىش.........17
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك بەش ئىش..........23
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئالتە ئىش.........29
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك يەتتە ئىش..........33
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك سەككىز ئىش.......37
كىشىلىك ھاياتتىكى توققۇز چوڭ ئىش..............44
ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئون ئىش..........49
كىشىلىك ھاياتتىكى 11 چوڭ ئىش...............63
كىشىلىك ھاياتتىكى 12 چوڭ ئىش.................65
كىشىلىك ھاياتتىكى 13 چوڭ ئىش.................70
كىشىلىك ھاياتتىكى 14 چوڭ ئىش.................72
كىشىلىك ھاياتتىكى بىر قاتار چوڭ ئىشلار..........73
دائىم ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك 100 جۈملە سۆز.........94

**ھايات ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايانلار..................103**
ھاياتلىقتا پەقەت ئۈچ كۈنلا بار......................103
ھاياتنىڭ چىن مەنىسى......................104
ھاياتنىڭ ھەقىقىتى ـــ تەقدىم قىلىشتۇر..................106
ھاياتنىڭ پىچىرلاشلىرى.......................107
يۈرەك مونولوگلىرى.......................110
ئەڭ قىممەتلىك نەرسە.......................111
ھايات ئېكى ۋە ۋاقىت ئېكى تۇرغۇزدىڭىزمۇ؟.........112
بەختنىڭ ئۆلچىمى.......................116
بەختنىڭ شەكىللىرى.......................117
بەختنى دەرىجىگە ئايرىش.......................119
ئازاب ۋە خۇشاللىق.......................120
ئىرادە ۋە ئارمان.......................121
ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولۇڭ.......................125
ناۋادا ئىرادىڭىزنى يوقاتمىسىڭىز.....................126
سەپتىن چۇشۇپ قالماي دېسىڭىز ئۆگىنىڭ.............127
دوستىڭىز بولالايدىغان بەش خىل كىشى.............131
قەدىرلەڭ ھەم ۋاز كېچىڭ.......................133
ھاياتتىكى ماتېماتىكىلىق ئەمەللەر.....................135
گۈل تەبىرلىرى.......................136
ئەتىرگۈلنىڭ سانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى...137

ھەممە نەرسە شەرتلىك بولىدۇ........................138
ئۆزىڭىزگە ئاز ـ تولا ئەپسۇسلۇق قالدۇرۇڭ..........139
سەمىمىيلىك نۇر چاچسۇن........................141
ئادەم مۇشۇنداق ياشاش كېرەك....................142
ھەربىر مىنۇتنى قەدىرلەڭ........................144

## هايات ھېكايەتلىرى........................145

تۇنۇگۇن، بۇگۇن، ئەتە........................145
مۇبادا دېھقان بولمىسا........................149
ئىككى دېڭىز، ئىككى خىل ئادەم...............152
يىگىت بىلەن بوۋاي........................153
هازىرنىڭ ئۆزى بەخت........................154
ئەخمەق ئاتا ـ بالا........................155
بېخىل باي........................156
ئۈچ دوست........................158
تىللاغا يوشۇرۇنغان ھېكمەت....................160
بىر تامچە ھەسەل........................161
ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق......................162
نېمە ئەڭ قىممەتلىك........................164
باغۋەن بوۋاي........................165
ئۈچ مېكىياننىڭ يىللىق باھالاشتىكى تەقدىرى.........166
تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا........................169

**ساغلام ھايات، ساغلام تەن..........172**
بەختلىك ياشاشقا ياردەم بېرىدىغان يەتتە ئامىل..........172
تاماكا تاشلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ شەرت.......173
تاماكا تاشلاشنىڭ ئالتە ئېپى.....................175
تاماكا تاشلاشتا تەشەببۇس قىلىنىدىغان 12 ئۇسۇل......176
تاماكا تاشلىغان ۋاقتىڭىزدا مۇنداقمۇ قىلىڭ...........178

**ھېكمەتلەر..........................180**
دانالار ھېكمەتلىرى.....................180
ھەقىقەت توغرىسىدا ھېكمەتلەر...................184
ھايات ھەققىدە ھېكمەتلەر.....................187
كىشىلىك مۇناسىۋەت ھېكمەتلىرى...................195
غايە، ئېتىقاد ھەققىدە ھېكمەتلەر.................204
رىچاردىنىڭ يىلنامىسىدىكى ھېكمەتلەر................207
بىكوننىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى......208
ھاياتتىن تەرمىلەر.....................210

# ھايات ھەقىقەتلىرى

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك بىرىنچى ئىش

(1) بىرىنچى ئىش — ئۆزىنى توغرا تونۇشنى بىلىۋېلىش كېرەك.

(2) بىرىنچى ئىش — ئۆزىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا لايىھەلەش كېرەك.

(3) بىرىنچى ئىش — ئۆز قەدرىنى بىلىش كېرەك.

(4) بىرىنچى ئىش — ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كېرەك.

(5) بىرىنچى ئىش — ئۆزىنى ئىنكار قىلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك.

(6) بىرىنچى ئىش — ئۆزۈكسىز ھالدا ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشۈش كېرەك.

(7) بىرىنچى ئىش — بەخت ئىچىدە ياشاۋېتىپمۇ بەخت ئىزدەشنى ھەقىقىي بەختسىزلىك دەپ بىلىش كېرەك.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئىككى ئىش

دۇنيادا ئەڭ پەزىلەتلىك ئىشتىن ئىككىسى بار:

(1) بىلىم ئېلىش؛ (2) ئىشلەپ يېيىش.

دۇنيادا مۇنداق ئىككى ھەقىقەت بار:

(1) ياخشىلىق قىلساڭ ئەجرىڭ يەردە قالمايدۇ.

(2) يامانلىق قىلساڭ جازاسى كەلمەي قالمايدۇ.

دۇنيادا ئىككى بۈيۈك نەرسە بار:
(1) گۈزەللىك، ئۇ يارىتىلىشنىڭ قەلبىدە؛ (2) ھەقىقەت، ئۇ تەپەككۇرنىڭ بىلىكىدە.
دۇنيادا مۇنداق ئىككى خىسلەت بار:
(1) شىجائەت؛ (2) قەيسەرلىك.
دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىككى ئىش:
(1) دۇنيادا كىشىگە ئەڭ زىننەت بېرىدىغان ئىش — كەمتەرلىك.
(2) ئەڭ ياخشى خىسلەت — خۇش پېئىللىقتۇر.
دۇنيادا ئىككى ئىش بار، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ:
(1) ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق؛ (2) ساقلىق بىلەن ساقسىزلىق.
دۇنيادا ئىككى ئىش بار، ئۇلاربىر - بىرىدىن ياخشىدۇر:
(1) ھۈنەر — مول بىلىمدىن ياخشى؛ (2) ياخشى ئىش — ياخشى سۆزدىن ياخشى.
دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قاتتىق ئىككى ئىش:
(1) ئەڭ ئېغىر دەرد — نادانلىق.
(2) ئەڭ ئېغىر كېسەللىك — پەسكەشلىك.
ئىككى خىل ئادەمدە ئىككى خىل يۈرەك بار
(1) ئاقىلنىڭ تىلى — يۈرىكىدە بولىدۇ.
(2) ئەخمەقنىڭ يۈرىكى — تىلىدا بولىدۇ.
دۇنيادا ئىككى خىل ئۇرۇق بار:
(1) ئەخلاق — ئانىلىق ئۇرۇق.
(2) ئېتىقاد — ئاتىلىق ئۇرۇق.
دۇنيادا ئىككى ئىش ئىككى ئىشتىن پەيدا بولىدۇ:
(1) خۇرسەنلىك. ئۇ، ياخشىلىق قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ.
(2) غەم. ئۇ، ئەندىشە، يامانلىق قىلىشتىن پەيدا بولىدۇ.
ئىككى ئىشتا ئىككى ئىش بولمايدۇ:
(1) بايلىقىغا مەست بولمىغانلار — خار بولمايدۇ.
(2) يالغان سۆزلىمىگەنلەرنىڭ قەيەردە بولسا يۈزى

قىزارمايدۇ.

ھاياتتا ئىككى چوڭ تىراگېدىيە بار:

(1) شېرىن چۈشىنىڭ يوق بولۇشى.

(2) يامان چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى.

كىشىگە كۈتۈلمىگەن ئۆلۈم مۇنداق ئىككى ئىشتىن كېلىدۇ:

(1) ئارتۇقچە بايلىققا ئىشىنىشتىن كېلىدۇ.

(2) تۈتۈرۇقسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلىشتىن كېلىدۇ.

دۇنيادا بۇ ئىككى ئىشتىن ياخشى ئىش يوق

(1) خۇرسەنلىك؛ (2) خاتىرجەملىك.

دۇنيادا ئىككى ئايلىنىش بار:

(1) دوستۇڭغا جاپا سالساڭ دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ.

(2) دۈشمىنىڭگە ياخشىلىق قىلساڭ دوستۇڭغا ئايلىنىدۇ.

دۇنيادا ئىككى ئېگىلىش بار

(1) مۇشكۈلات ئالدا ئېگىلمەس باش ھاراق ئالدىدا ئېگىلىدۇ.

(2) قىلىچ ئالدىدا ئېگىلمىگەن باش مۇھەببەت ئالدىدا ئېگىلىدۇ.

دۇنيادا ئىككى خىل باغلىنىش بار:

(1) دۇنيادا ھايۋانلار نوختا بىلەن باغلىنىدۇ.

(2) ئادەملەر بولسا دىل بىلەن باغلىنىدۇ.

دۇنيادا ئىككى خىل رىقابەت بار:

(1) بىلىم ئىقتىدار رىقابىتى.

(2) خۇشامەت ۋە سوۋغا ـ سالام رىقابىتى.

دانا كىشى ئىككىدە بولمايدۇ:

(1) بايلىققا مەست بولمايدۇ.

(2) كۈلپەتتە خار بولمايدۇ.

مال ـ دۇنيا تاپقان كىشى رىئايە قىلىدىغان ئىككى قائىدە:

(1) ئىسراپ قىلىش ۋە بىھۇدە سەرپ قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش.

(2) بېخىللىق ۋە بەتنامدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش.
ئىككى خىل كىشىنىڭ قىلغان ئىشى بىكار:
(1) مال يىغدى، يېمىدى.
(2) ئۆگەندى، ئەمەل قىلمىدى.
دۇنيادا ئىككى خىل ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىش:
(1) كۈچلۈك دۈشمەن.
(2) ساداقەتسىز دوست.
ئىككى خىل كىشىدە مۇنداق ئىككى خىل هالەت بار:
(1) كەمبەغەلنىڭ كۆزى توق، لېكىن قورسىقى ئاچ.
(2) باي ۋە پارىخورلارنىڭ قورسىقى توق، لېكىن كۆزى ئاچ.
ئىككى خىل كىشىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ:
(1) ئارام ئالماي ئىشلەيدىغان كىشىلەر — ئېغىرقىيىنچىلىقى بار نامرات كىشى.
(2) ئارام ئالماي ئىشلەيدىغان كىشىلەر — بالدۇر هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغان كىشى.
دۇنيادا ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىككى خىل ئادەم بار:
(1) دوستىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان ئادەم.
(2) دوستلۇقنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم.
ئىككى خىل كىشى هۆرمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ:
(1) ئاياللىنى قەدىرلىمىگەن ئەر.
(2) پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشنى بىلمىگەن ئاياللار.
جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئىككى ئىشتىن بولىدۇ:
(1) قانۇننى توغرا ئىجرا قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ.
(2) مائارىپنى هەقىقىي قوللىمىغانلىقتىن بولىدۇ.
ئىككى ئىشقا قاراپ ئىككى ئىشنى بىلگىلى بولىدۇ:
(1) بالىلارغا قاراپ جەمئىيەتنى بىلگىلى بولىدۇ.
(2) ئەۋلادلارغا قاراپ كەلگۈسىنى بىلگىلى بولىدۇ.
ئىككى نەرسىنىڭ ئەخمەقلىقى ئىككى ئىشتا كۆرۈلىدۇ:

(1) ھايۋانلارنىڭ ئەخمەقلىقى دۆتلۈكىدە كۆرۈلىدۇ.
(2) ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقى دورامچىلىقىدا كۆرۈلىدۇ.
ئىككى خىل جاراھەت ئىككى نەرسىدىن كېلىدۇ:
(1) قىلىچ جاراھىتى بەدەننى زەخىملەندۈرىدۇ.
(2) تىل جاراھىتى دىلنى زەخىملەندۈرىدۇ.
ئىككى كىشى ئىككى نەرسىگە ئوخشايدۇ:
(1) ئەدەپ ئۆگەتسە ئۆگەنمىگەن كىشى — ھايۋانغا ئوخشايدۇ.
(2) ئۆزرە سورىسا قوبۇل قىلمىغان كىشى — شەيتانغا ئوخشايدۇ.
كۆڭۈلنىڭ ئىككى ئاپىتى بار:
(1) ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا قايغۇرۇش.
(2) كەلگۈسى ئىشلارنى ئويلاپ غەم - قايغۇغا چۆكۈش.
ئىككى ئىش ئىككى ئىشتىن دېرەك بېرىدۇ:
(1) سۈكۈت قىلىش — دانالىق ۋە زېرەكلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.
(2) راستچىللىق — ئەقىل ۋە پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدۇ.
يىگىتلەر ئۈچۈن ياخشى بولغان ئىككى ئىش:
(1) سەۋر؛ (2) مەرىپەت.
ياشلاردىكى ئىككى خىل قۇۋۋەت:
(1) ئەقلىي قۇۋۋەت بولۇپ، ئەقلىي قۇۋۋەت غالىپ كەلسە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ راھەت - پاراغەتكە ئېرىشىدۇ.
(2) نەپسى قۇۋۋەت بولۇپ، نەپسى قۇۋۋەت غالىپ كەلسە پالاكەت ۋە ھالاكەتكە ئېرىشىدۇ.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئۈچ ئىش

ئۈچ خىل نەرسىنى قوغداش لازىم:
(1) ۋەتەن؛ (2) شان - شەرەپ؛ (3) ئائىلە.

ئۈچ خىل نەرسىنى تىزگىنلەش لازىم:
(1) ھېسسىيات؛ (2) تىل؛ (3) ھەرىكەت.
ئۈچ خىل نەرسىنى ئويلاش لازىم:
(1) ھايات؛ (2) ئۆلۈم؛ (3) ئەبەدىيلىك.
ئۈچ خىل نەرسىنى تاشلىۋېتىش لازىم:
(1) جىنايەت؛ (2) نادانلىق؛ (3) خائىنلىق.
ئۈچ خىل ئىشتىن ساقلىنىش لازىم:
(1) ھۇرۇنلۇق؛ (2) ياۋايىلىق؛ (3) مەنسىتمەسلىك.
ئۈچ خىل نەرسىنى ساقلاش لازىم:
(1) پاكلىق؛ (2) تىنچلىق؛ (3) خۇشاللىق.
ئۈچ خىل نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم:
(1) سۇباتلىق؛ (2) مېھرىبانلىق؛ (3) ۋاپادارلىق.
مۇنۇ ئۈچ ئىشنى قىلالىغان كىشى ئالىيجاناب كىشىدۇر:
(1) ئەقلىنى ئەمر قىلغان كىشى؛ (2) پەرھىزكارلىقنى ۋەزىر قىلغان كىشى؛ (3) سەۋرنى رەھبەر قىلغان كىشى.
ئۈچ نەرسە ئۈچ شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ:
(1) بىلىم — قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.
(2) سېخىيلىق — ھۆرمەتكە ئىگە قىلىدۇ.
(3) جاسارەت — شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ.
ئۈچ نەرسە كۆڭۈلگە تەشۋىش كەلتۈرىدۇ:
(1) يامان قوشنا؛ (2) قابىلىيەتسىز پەرزەنت؛ (3) بىشەم خوتۇن.
ئىنسانغا زۆرۈر بولغان ئۈچ خىسلەت:
(1) غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش.
(2) باشقا كۈن چۈشكەندە بىتاقەت بولماي سەۋر قىلىش.
(3) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلىش.
ئۈچ خىل سۆيۈش:
(1) مەڭزىگە سۆيۈش — چىن دوستلۇقنىڭ سىمۋولى.

(2) لېۋىگە سۆيۈش — چىن مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى.

(3) پېشانىسىگە سۆيۈش — چىن بەخت تىلەشنىڭ سىمۋولى.

ئۈچ خىل بەلگە:

(1) ئۇلۇغلار سۆھبىتىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇندا ئولتۇرۇش — دانىشمەنلىكنىڭ بەلگىسى.

(2) باشقىلارنىڭ مەرتىۋىسىنى ھۆرمەت قىلىش — ئەقىل - ئىدراكلىقنىڭ بەلگىسى.

(3) ساراڭلارغا ئوخشاش بىمەنە سۆزلەش — نومۇسسىز - لىقنىڭ بەلگىسى.

ئۈچ ئوخشىتىش:

(1) ياشلىق — بىر بىپەرۋالىق.

(2) يىگىتلىك — بىر مۇسابىقە.

(3) قېرىلىق — بىر ئەپسۇس.

ئۈچ خىل نەرسە ئۈچ خىل كىشىدە بولمايدۇ:

(1) دوستلۇق لەۋزادا بولمايدۇ.

(2) شەپقەت ئاچچىقى ياماندا بولمايدۇ.

(3) ھالاللىق ئاچ كۆزدە بولمايدۇ.

مۇنۇ ئۈچ خىل كىشى ئېغىر ئازاب تارتىشقا تېگىشلىكتۇر:

(1) گۇناھسىز كىشىگە ناھەق ئازاب سالغان كىشى.

(2) تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ مېھماندارچىلىققا بېرىپ تۆرگە چىقىۋالغان كىشى.

(3) بىراۋ ئاڭلاشنى خالىمىسىمۇ زورلاپ گەپ قىلغان كىشى.

مۇنۇ ئۈچ خىل كىشى ئەخمەق دېگەن نامغا لايىقتۇر:

(1) دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، كېسەلنى كىتابقا قاراپ داۋالىغان شىپاگەر.

(2) ئۆيىگە سىغمىغۇدەك ئوتۇن - ياغاچ يىغىپ ئۆزى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى تار قىلىپ قويغان كىشى.

(3) ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ بىرەر نەرسە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغان كىشى.

باشقىلاردىن ئازار يېگەن كىشى ئۈچ خىل ئەھۋالدا بولىدۇ:

(1) ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەر ياخشىلىق قىلىدۇ.

(2) ئۇ ياخشىلىق قىلمىسىمۇ يامانلىق ئويلىمايدۇ.

(3) ئۇ قىلغان يامانلىققا باراۋەر يامانلىق قىلىدۇ.

ئۈچ خىل كىشى باركى بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلسىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ:

(1) گۇناھ قىلىپ قويۇپ ئازابتىن قۇتۇلماقچى بولغان كىشى.

(2) ئۆز بايلىقى بىلەن دۇنيادا ھالاۋەت كۆرمەكچى بولغان دۆلەتمەن كىشى.

(3) ئۆزىنىڭ ھەسەتخورلۇقى بىلەن ئۆزگىلەرنى يەڭمەكچى بولغان كىشى.

ئۈچ خىل كىشىنىڭ تېنى ياكى جېنى دائىم ئازابتا ئۆتىدۇ:

(1) قورالى يوق تۇرۇپ قاراملىق قىلىپ دۈشمەن سېپىگە ئۆزىنى ئۇرغان كىشى.

(2) باشقىلارغا قەست قىلغان كىشى.

(3) بالا ـ چاقىسى بولمىغان پۇلدار كىشى.

ئۈچ ئىش ئۆز ئىگىسىگە يامانلىق كەلتۈرىدۇ:

(1) مەنسەپدارلارنىڭ بوشاڭلىقى ۋە ھورۇنلۇقى.

(2) ئالىملارنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى.

(3) خوتۇنلارنىڭ شەرم ـ ھاياسىز بولۇشى.

ھاياتنىڭ لەززىتى ئۈچ نەرسىدە كۆرۈلىدۇ:

(1) دۈشمەنىنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشتا كۆرۈلىدۇ.

(2) دوستلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ خۇشال قىلىشتا كۆرۈلىدۇ.

(3) تەلەپكارلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتا كۆرۈلىدۇ

ئۈچ خىل نەرسىدىن پايدا كەلمەيدۇ:
(1) يەر ئاستىدا قالغان بايلىق.
(2) يوشۇرۇنغان ئالتۇن.
(3) ئەمەل قىلىنمىغان ئىلىم.
ئۈچ خىل كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا بولىدۇ:
(1) ئىلىم ئەھلى بىلەن دوست بولۇشقا بولىدۇ.
(2) ياخشى ئەخلاقلىق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا بولىدۇ.
(3) غەرەز ۋە تەمەننادىن خالىي بولغان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا بولىدۇ.
دوست ئۈچ خىل بولىدۇ:
(1) تاماقتا ئوخشاش بولۇپ ئۇنىڭدىن ھېچقاچان ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس.
(2) دورىغا ئوخشاش بولۇپ ئۇنىڭغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېھتىياج چۈشىدۇ.
(3) دەردكە ئوخشاش بولۇپ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ.
دوست ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:
(1) خالىس دوست؛ (2) دوستۇڭنىڭ دوستى؛ (3) دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى.
دۈشمەنمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:
(1) ئاشكارا دۈشمەن؛ (2) دوستىنىڭ دۈشمىنى؛ (3) دۈشمىنىڭ دوستى.
ئۈچ خىل كىشى بىلەن دوست بولۇشقا بولمايدۇ:
(1) غەيۋەتخور، ھەسەتخور كىشى بىلەن دوست بولۇشقا بولمايدۇ.
(2) يالغانچى ۋە خىيانەتكار كىشى بىلەن دوست بولۇشقا بولمايدۇ.
(3) نادان ۋە ئەقىلسىز كىشى بىلەن دوست بولۇشقا بولمايدۇ.

ھەممەت كەمىرىنى باغلىمىغان كىشى مۇنداق ئۈچ ئىشقا قەدەم قويماسلىقى كېرەك:

(1) پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىگە قەدەم قويماسلىقى كېرەك.

(2) دەريا سەپىرىگە قەدەم قويماسلىقى كېرەك.

(3) دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا قەدەم قويماسلىقى كېرەك.

مۇنداق ئۈچ ئىشنى يوشۇرسا ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ:

(1) سۆز ۋە ھەقىقەتنى پادىشاھتىن يوشۇرسا ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

(2) كېسەلنى تېۋىپتىن يوشۇرسا ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

(3) ھاجىتىنى دوستىدىن يوشۇرسا ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

ئۈچ خىل كىشىگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك:

(1) باي تۇرۇقلۇق كەمبەغەلگە ئايلانغان كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك.

(2) ئۇلۇغ بولۇپ خارغا ئايلانغان كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك.

(3) ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق نادانلار سۆھبىتىگە قاتناشقان كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىش كېرەك.

ئۈچ خىل كىشى دائىم غەم ـ ئەندىشىگە گىرىپتاردۇر:

(1) ئۇچقۇر ئېتى بار تۇرۇقلۇق مىنەلمىگەن ۋە مىنىشتىن قورققان كىشى.

(2) داستىخىنىدا ئېسىل يېمەكلىكلەر بولسىمۇ ئۇنى يېيىشكە قادىر بولالمىغان ياكى ئىشتىھاسى بولمىغان كىشى.

(3) خوتۇنى چىرايلىق ئەمما ئۆزى خۇنۇك، كېسەلچان كىشى.

ئۈچ خىل كىشى ئۆز نېمىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ:

(1) ئۆزى تۆمۈرچى تۇرۇقلۇق ئىسىل كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئىش قىلغان كىشى.

(2) خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئۆيدە تاشلاپ قويۇپ، باشقا يۇرتلاردا سودا ـ سېتىق قىلىپ يۈرگەن كىشى.

(3) قەلبىدە دانالىق گۆھىرى بارتۇرۇقلۇق دائىم نادان ۋە پاسىقلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كىشى.

ئۈچ خىل ئادەمنى ئۈچ خىل ئىشتا بىلگىلى بولىدۇ:

(1) مۇلايىم ئادەمنى غەزەپ كەلگەندە بىلگىلى بولىدۇ.

(2) باتۇر ئادەمنى جەڭ مەيدانىدا بىلگىلى بولىدۇ.

(3) ھەقىقىي دوستنى ھاجەت چۈشكەندە بىلگىلى بولىدۇ.

ئۈچ ئىش ئۈچ خىل بولىدۇ:

(1) ئىككى ئاقىلنىڭ دوستلۇقى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ.

(2) ئىككى نادانىنىڭ دوستلۇقى تۇتۇرۇقسىز بولىدۇ.

(3) ئىككى جاھىلنىڭ دوستلۇقى ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ.

ئۈچ قېتىم خاتالىققا يولۇقساڭ...:

(1) بىرقېتىم خاتالىققا يولۇقساڭ دانىشمەن بولىسەن؛ (2) ئىككى قېتىم خاتالىققا يولۇقساڭ ھاڭۋاقتى بولىسەن؛ (3) ئۈچ قېتىم خاتالىققا يولۇقساڭ نادان بولىسەن.

ياخشىلىقنىڭ ئاساسى ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ:

(1) رىياسىز كەمتەرلىكتە؛ (2) مىننەتسىز ساخاۋەتتە؛ (3) ھەق ـ تەلەپ قىلمايدىغان خىزمەتتە بولىدۇ.

مۇنداق ئۈچ كىشىنى ئەقىللىك دېيىش كېرەك:

(1) سۆزنى لايىقىدا سۆزلىگەن كىشى؛ (2) ھايات قەدرىنى چۈشەنگەن كىشى؛ (3) پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئىلىم ۋە كامالەت ھاسىل قىلىشقا سەرپ قىلغان كىشى.

ئۈچ خىل كىشى غەم ـ ئەندىشە ئىلكىدە ئۆتىدۇ:

(1) ھەمىشە يامان ئىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن كىشى؛ (2) قۇدرىتىنىڭ بارىدا ياخشى ئىش قىلمىغان كىشى؛ (3) نادانلىق

بىلەن ئۆيلىماي ئىش قىلىپ ھەسرەت ـ نادامەتتە قالغان كىشى.

دۇنيادىكى ئۈچ خىل راھەت:

(1) تەن راھىتى — مۇۋاپىق غىزالىنىشتا بولىدۇ؛ (2) روھ راھىتى — خاتىرجەملىكتە بولىدۇ؛ (3) تىل راھىتى — ئاز سۆزلەشتە بولىدۇ.

ئۈچ خىل نېممەت قەدرىگە ئۈچ خىل كىشى يېتىدۇ:

(1) ياشلىق قەدرىگە قېرىلار يېتىدۇ.

(2) سالامەتلىكنىڭ قەدرىگە كېسەللەر يېتىدۇ.

(3) خاتىرجەملىكنىڭ قەدرىگە غەم ـ قايغۇلۇق كىشىلەر يېتىدۇ.

ئۈچ خىل ئالامەت:

(1) زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق — ھالاكەتكە يۈزلىنىشنىڭ ئالامىتى؛ (2) مۇلايىملىق ۋە تەۋەززۇ — ئادىمىيلىكنىڭ ئالامىتى؛ (3) شەرم ـ ھايا — ئۇلۇغلۇقنىڭ ئالامىتى.

مۇلايىم كىشىدە ئۈچ خىل بەلگە بولىدۇ:

(1) سۆرۈن تەلەت، قوپال ئادەملەر قوپال سۆزلىسىمۇ ئۇنداقلارغا مۇلايىملىق بىلەن ياخشىلىق قىلىدۇ.

(2) قەھرى ـ غەزىپى كەلگەندە چىشىنى چىشىغا باسىدۇ.

(3) بىر كىشىدىن يامانلىق كۆرسىمۇ، ئۇنىڭغا كۈچى يېتىدىغان ھالەتتىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتىدۇ.

پەزىلەتلىك ئادەمنىڭ ئۈچ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ:

(1) دېگىنىنى قىلىدۇ.

(2) پاكىتقا مۇخالىپ گەپلەرنى قىلمايدۇ.

(3) سەۋر ـ تاقەتلىك كېلىدۇ.

ئۈچ ئىش ئەقىلنى كۈچلەندۈرىدۇ:

(1) ئالىملار بىلەن سۆھبەتتە بولۇش.

(2) تەجرىبە قىلىش.

(3) چىداملىق بولۇش

ئۈچ ئىش ئەقىلگە زىيان يەتكۈزىدۇ:

(1) تەجرىبىسىزلىك؛ (2) بوشاڭلىق؛ (3) تەنتەكلىك.

يامان خوتۇنلار مۇنداق ئۈچ نەرسىگە ئوخشايدۇ:

(1) دەسلەپ ئوغرىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەر ۋاقىت پۇل - مېلىغا خىيانەت قىلىدۇ.

(2) كېيىن دۈشمەنگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئېرىگە دائىم قاپاق تۈرۈپ چىراي ئاچمايدۇ. ئىشلىرىدىن قۇسۇر تاپىدۇ.

(3) ئاخىرى ھاكىمغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەر دائىم ئېرىنى باشقۇرۇشنى، ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزىدىن چىقماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بېخىللار ئۈچ خىل بولىدۇ:

(1) كەمبەغەللىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ بېخىللىق قىلىدۇ.

(2) مال - دۇنياغا ھېرىس بولۇپ، ئۇنى يىغىش ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ.

13 (3) نەپسىنىڭ ھېرىسلىقى تۈپەيلىدىن باشقىلارغا بېرىشكە چىدىماي بېخىللىق قىلىدۇ.

دۇنيادا ئۈچ خىل ئادەم ئەڭ ناچار بولىدۇ:

(1) ئەخمەقلەرنى ياردەمچى قىلغان دانا.

(2) قارانىيەتلەر ئىلكىدىكى ئەزىمەت.

(3) پىخسىقتىن خەير - ئېھسان تىلىگەن پالۋان.

دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئۈچ ئىش:

(1) سىر ساقلاش.

(2) ھاقارەتكە چىداش.

(3) ھاياتنى توغرا ئۆتكۈزۈشنى بىلىش.

ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر بولغان ئۈچ ئىش:

(1) يوقسۇزلۇق، قېرىپ ياردەمچىسىز قېلىش،

(2) كېسەللىك ۋە ئېغىر قايغۇ - ھەسرەتلىك تۇرمۇش.

(3) دۇنيادىن نام - نىشانسىز كېتىش.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئويلايدىغان ئۈچ ئىش:

(1) بۈگۈن مەندىن بىرەر خاتالىق ئۆتتىمۇ يوق؟ ئۆتكەن بولسا قانداق تۈزىتىش كېرەك.

(2) بۈگۈن خەلق مەنپەئەتىگە لايىق بىرەر ئىش قىلدىممۇ يوق؟ قىلمىغان بولسام قانداق قىلىش كېرەك.

(3) بىپەرۋالىق ۋە تەجرىبىسىزلىكىمدىن بىرەر ئىشىم ئەمەلگە ئاشماي قالدىمۇ قانداق، بۇنىڭ ئىلاجى نېمە؟

زېمىن كۆتۈرەلمەيدىغان ئۈچ ئىش:

(1) موھتاجلىق؛ (2) بىكارچىلىق؛ (3) يالغۇزلۇق.

مۇناپىقلىقنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بەلگىسى:

(1) يالغان سۆزلەيدۇ.

(2) ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ.

(3) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدىغان ئۈچ پۇرسەت:

(1) نامراتلىقنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. نامراتلىققا بېقىندى بولۇپ قېلىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئۆزىدىن غالىپ كېلىش پىسخىكىسىنى چەكلەپ قويغان بولىدۇ. شۇڭا نامراتلىققا تەن بەرمەي تىرىشىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(2) غايىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىق كېرەك. كىشىلىك ھاياتتا ئوخشىمىغان باسقۇچتا، ئوخشىمىغان خىياللار پەيدا بولىدۇ. 20 ياشتا يەتمەكچى بولغان ئارزۇيىڭىزغا 60 ياشتا يەتكەن بولسىڭىز، تولىمۇ كېچىككەن بولىسىز. شۇڭا نەچچە يېشىڭىزدا نېمە قىلىشنى ئويلىسىڭىز ۋاقتىدا ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ. ھەرگىز كەينىگە سۆرىمەڭ. بۇنداق قىلمىسىڭىز پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز.

(3) ئاتا ـ ئانا باقىۋەندە ئەمەس. بەلكى ھازىر بىر ياش بولغاچقا كەلگۈسىدە نۇرغۇن ۋاقىت بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزنى

كۆتۈپ تۇرىدىغاندۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىمىز ئۇچۇن ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجىمىزنى كۆرۈشكە ۋاقتى يار بەرمەسلىكى مۇمكىن، پۇل تېپىپ ئۇلارنى ياخشى يېگۈزۈپ، كىيدۈرۈش بىزنىڭ شان ـ شەرىپىمىز. ئەمما ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك چەكسىز پۇشايماندا قالىمىز. بۇنىسى ھەممىمىزگە ئايان.

ئادەمنىڭ ئالدىنقى يېرىم ھاياتى ئىككىلىنىش بىلەن، كېيىنكى يېرىم ھاياتى پۇشايمان بىلەن ئۆتىدۇ. ياشىغان ئىكەنمىز ھەربىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

چۇنكى ھاياتلىق يولىمىزنى تېپىپ بولغۇچە پۇرسەت قولدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

## ھاياتلىقتىكى ئۈچ گۆھەر

تەبىئەتتىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) قۇياش؛ (2) ھاۋا؛ (3) سۇ.
سۆزلىشىشتىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) ئۆزلىرى؛ (2) رەھمەت؛ (3) كەچۈرۈڭ.
جاھاندارچىلىقتىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) كىچىك پېئىللىق؛ (2) مېھرىبانلىق؛ (3) سالماقلىق.
ئائىلىدىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) خۇشاللىق؛ (2) كۆيۈمچانلىق؛ (3) قىزغىنلىق.
ياخشى ئائىلىدىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) مۇلايىملىق؛ (2) خۇشال ـ خۇراملىق؛ (3) يېقىنچىلىق.
يېمەك ـ ئىچمەكتىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) كونترول قىلىش؛ (2) چەكلەش؛ (3) شۈكۈر قىلىش.
ساغلاملىقتىكى ئۈچ گۆھەر:
(1) پىيادە مېڭىش؛ (2) نەپسىنى يىغىش؛ (3) مۇلايىم بولۇش.

سایاھەتتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) كۆپ كۆرۈش ۋە كۆپ ئاڭلاش؛ (2) ئامان بولۇش؛ (3) تېجەشلىك بولۇش.

مالىيە باشقۇرۇشتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) خامچوت تۈزۈش؛ (2) كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش؛ (3) تىرىشچان ـ ئىقتىسادچان بولۇش.

بىلىمدىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) جانلىق بولۇش؛ (2) ئەتراپلىق بولۇش؛ (3) ھەقىقىي بولۇش.

ئىلىم تەھسىل قىلىشتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) كۆپ ئوقۇش؛ (2) كۆپ يېزىش؛ (3) كۆپ ئويلاش.

دوستلىشىشتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) سەمىمىيەت؛ (2) نىيىتى دۇرۇس بولۇش؛ (3) تەقدىم قىلىش.

كۆڭۈللۈك بولۇشتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) ئاق كۆڭۈل بولۇش؛ (2) كەڭ قورساق بولۇش؛ (3) چىن بولۇش.

ئاتا ـ ئانىلاردىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) تەربىيەلەش؛ (2) مەسئۇل بولۇش؛ (3) شان ـ شەرەپ.

بەختلىك بولۇشتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) يېيەلەيدىغان؛ (2) كۈلەلەيدىغان؛ (3) ئۇخلىيالايدىغان بولۇش.

مەسىلە ھەل قىلىشتىكى ئۈچ گۆھەر:

(1) مەسىلىگە يۈزلىنىش؛ (2) مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش؛ (3) مەسىلىدىن ۋاز كېچىش.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك تۆت ئىش

تۆت ئىش كۆڭۈلدىكى ئارزۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ:
(1) غەيرەت؛ (2) شجائەت؛ (3) ئىرادە؛ (4) ھىممەت.
تۆت ئىش تەدبىرلىكنىڭ بەلگىسىدۇر:
(1) باشقا چۈشكەن كۈلپەتنى سەۋر ـ تاقەت، تەدبىر بىلەن يېڭىش.
(2) ئىسراپچىلىقتا يول قويماسلىق.
(3) دوستلارنىڭ مەسلىھەتى، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىش.
(4) پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق.
ئىللەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۆت نەرسە سەۋەب بولىدۇ:
(1) تۇرۇپ قالغان سۇ؛ (2) ئاچچىق تۈتۈن؛ (3) بەد بۇي ھىد؛ (4) ھەزىم بولۇشى قىيىن يېمەكلىك.
تۆت خىسلەت تۆت خىسلەتكە موھتاج:
(1) ئۇلۇغلۇق ــ ئەدەپ ـ تەربىيەگە موھتاج.
(2) خۇشاللىق ــ خاتىرجەملىككە موھتاج.
(3) يېقىنلىق ــ دوستلۇقتا موھتاج.
(4) ئەقىل ــ تەجرىبىگە موھتاج.
تۆت ئىش ھەممە ئۇچۇن زۆرۈر ۋە لازىمدۇر:
(1) شەرم ـ ھايا؛ (2) قانائەت؛ (3) رەھىم ـ شەپقەت؛ (4) ساخاۋەت.
بۇ تۆت خىسلەت ھەممە ئۇچۇن كېرەك:
(1) سالامەتلىك؛ (2) گۈزەل ئەخلاق؛ (3) راستچىللىق؛ (4) ھالال ئەمگەك.
تۆت نەرسە ئادەمگە راھەت بېغىشلايدۇ:
(1) ئوچۇق چىراي؛ (2) شېرىن سۆز؛ (3) تېجەشلىك ئەر ـ ئايال؛ (4) سەمىمىي دوست.

ئادەملەر بۇ تۆت نەرسىنى ئىزدىمەسلىككە ئامالسىزدۇر:
(1) ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى پەرقلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئىلىم.
(2) تىرىكچىلىك قىلىشقا لازىم بولىدىغان ئەسۋاب ـ جابدۇق.
(3) كەيپىياتنى ياخشى تۇتىدىغان ۋاستىلەر.
(4) ئادەملەر بىلەن بولغان مۇرەسسە.
تۆت ئىش پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىدۇ:
(1) قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇش.
(2) ھۇرۇنلۇق قىلىش.
(3) ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش.
(4) دوستلارنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماسلىق.
تۆت ئىشتىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك:
(1) قەھرى ـ غەزەپتىن؛ (2) ماختانچاقلىقتىن؛ (3) ئىچى تارلىقتىن؛ (4) تاماخورلۇقتىن.
تۆت نەرسە تۆت خىل كىشىدە بولمايدۇ:
(1) يالغانچىدا ساخاۋەت بولمايدۇ؛ (2) بېخىلدا سائادەت بولمايدۇ؛ (3) ھەسەتخوردا راھەت بولمايدۇ؛ (4) ئۇرۇشقاقتا شەرم ـ ھايا بولمايدۇ.
تۆت ئىش ئىنسانلارغا پالاكەت كەلتۈرىدۇ:
(1) ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بېرىلىش؛ (2) قىمار ئويناش؛ (3) زىناخورلۇق قىلىش؛ (4) كىشى كۆڭلىگە ئازار بېرىش.
تۆت نەرسە بەختلىك ھايات كەچۈرۈش سەۋەبچىسىدۇر:
(1) ئىتتىپاقلىق؛ (2) خاتىرجەملىك؛ (3) پاراغەت؛ (4) خەير ـ ئېھسان.
تۆت ئىش تۆت ئىشنى پەيدا قىلىدۇ:
(1) سۈكۈت قىلىش ــ تىنچلىقنى پەيدا قىلىدۇ.
(2) ياخشىلىق قىلىش ــ سائادەتنى پەيدا قىلىدۇ.

(3) ساخاۋەت ــــ ئۇلۇغلۇقنى پەيدا قىلىدۇ.
(4) خۇش مۇئامىلە ــــ مۇھەببەتنى پەيدا قىلىدۇ.
تۆت ئىش ئادەمنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ:
(1) دوستلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىش.
(2) دۈشمەن بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولۇش.
(3) باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك.
(4) نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك.
تۆت ئىش ئادەم ئىقبالىنىڭ خەۋەرچىسىدۇر:
(1) مېھرلىك بولۇش؛ (2) ۋاپادار بولۇش؛ (3) مۇلايىم بولۇش؛ (4) كەمتەر بولۇش.
تۆت ئىش گۇمران بولۇشنىڭ بەلگىسىدۇر:
(1) ئاداۋەت ساقلاش؛ (2) ھەسەتخورلۇق قىلىش؛ (3) غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش؛ (4) خىيانەت قىلىش.
تۆت نەرسىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك:
(1) جاھىللىقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.
(2) بېخىللىقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.
(3) تەكەببۇرلۇقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.
(4) پىتنىخورلۇقتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.
تۆت ئىش تۆت ئىش بىلەن تاماملىنىدۇ:
(1) يالغانچىلىق ــــ رەسۋالىق بىلەن تاماملىنىدۇ.
(2) غەزەپ ــــ پۇشايمان بىلەن تاماملىنىدۇ.
(3) قوپال سۆز ــــ كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تاماملىنىدۇ.
(4) ھۇرۇنلۇق ــــ خار ـ زارلىق بىلەن تاماملىنىدۇ.
تۆت ئىش ئادەمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ:
(1) خۇشامەتچىلىك قىلىش.
(2) ئاچ كۆزلۈك قىلىش.
(3) سىر ساقلىيالماسلىق.
(4) چېچىلاڭغۇلۇق قىلىش.

تۆت ئىش تۆت ئىشنى ئېلىپ كېلىدۇ:
(1) تۆھمەت — ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.
(2) خۇشامەت — ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ.
(3) يامان مەسلىھەت — ئادەمگە بالا ئېلىپ كېلىدۇ.
(4) پىتنە - پاسات — ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.
تۆت نەرسە تۆت نەرسىدە بولىدۇ:
(1) ئەقىل — مېڭىدە بولىدۇ.
(2) لەززەت — يۈرەكتە بولىدۇ.
(3) كۈچ — قولدا بولىدۇ.
(4) غەزەپ — ئۆتتە بولىدۇ.
تۆت نەرسە تۆت نەرسىنىڭ ئۆيىدۇر:
(1) يۈرەك — قاننىڭ ئۆيى.
(2) ئۆت — سەپرانىڭ ئۆيى.
(3) كۆڭۈل — نۇرنىڭ ئۆيى.
(4) تال — بەلغەمنىڭ ئۆيى.
تۆت خىل ھال دۇنيادا ئەڭ ئېغىردۇر:
(1) قېرىغاندىكى كورلۇق ۋە خارلىق.
(2) غۇربەتتىكى بىمارلىق.
(3) كەمبەغەللىكتىكى قەرزدارلىق.
(4) مۇساپىرلىقتا دوستلاردىن ئايرىلىپ قېلىش.
بۇ تۆت ئىشنى كىم قىلسا تۆت ئىشنى كۇتسە بولىدۇ:
(1) كىمكى كۆپ يېيىشكە ھەۋەس قىلسا — بىمارلىقنى كۇتسە بولىدۇ.
(2) كىمكى زىناخورلۇق قىلسا — رەسۋالىقنى كۇتسە بولىدۇ.
(3) كىمكى ئەقىلسىز دوستلارغا ئىشەنسە — گادايلىقنى كۇتسە بولىدۇ.
(4) كىمكى زالىملىق قىلسا — ئۆلۈمنى كۇتسە بولىدۇ.
تۆت نەرسىنى ئاز بولسىمۇ كۆپ ساناش كېرەك:

(1) ئوت؛ (2) قەرز؛ (3) كېسەللىك؛ (4) دۈشمەن.
تۆت كىشى تۆت كىشىگە ئوخشايدۇ:
(1) ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى — پۇلى يوق ئاشىققا ئوخشايدۇ.
(2) بىلىمسىز ساياھەتچى — قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ.
(3) ئەمگىكى يوق ئالىم — مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشايدۇ.
(4) بىلىمسىز زاھىت — ئىشىكى يوق ئۆيگە ئوخشايدۇ.
ئادەملەر مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ:
(1) بىر خىلى دەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ — مۇناپىقلىق.
(2) يەنە بىر خىلى دەيدۇ، قىلىدۇ. بۇ — ئالىيجانابلىق.
(3) يەنە بىر خىلى دېمەيدۇ، قىلىدۇ. بۇ — مەردلىك.
(4) يەنە بىر خىلى دېمەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ — پەسكەشلىك.
بۇنداق تۆت خىل ئادەملەر بەختسىزلەردۇر:
(1) ھۇرۇنلار؛ (2) نادانلار؛ (3) يالغۇزلار؛ (4) نىشانسىزلار.
كۆپ يېيىش تۆت خىل ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ:
(1) كۆپ يېيىش — ئادەمدە ئېزىلىش، پىكىرلىرى بۇزۇلۇش، ھەتتا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
(2) كۆپ يېيىش — تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
(3) كۆپ يېيىش — كىشىنىڭ پەم - پاراسىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.
(4) كۆپ يېيىش — تەننى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.
جەمئىيەتنىڭ تۆت ئۇزۇكىنىڭ كۆزىگە ئويۇلغان تۆت سۆز:
(1) ئالدىرىماسلىق ۋە چارە؛ (2) ئادىللىق ۋە ئىمارەت؛ (3) راستلىق ۋە ئالدىراشلىق؛ (4) جازا ۋە ئىنساب.
ئېينىشتېيىن ئۆزىگە دەستۇر قىلغان تۆت تاما قىلماسلىق:
(1) باشقىلاردىن ياردەم تاما قىلماسلىق.
(2) نام - شۆھرەت تاما قىلماسلىق.
(3) پايدا - مەنپەئەت تاما قىلماسلىق.

(4) ئالقىش تاما قىلماسلىق.

كىم بۇ تۆت نەرسىگە ئېرىشسە قولدىن چىقارماسلىقى كېرەك:

(1) ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىزىدا يۈرىدىغان چاپقۇر ۋە چارچىماس ئات.

(2) ئەر ئىززىتىنى جايىدا قىلالايدىغان چىرايلىق ۋە مۆلايىم خوتۇن.

(3) خوجىسىنى ئالدىمايدىغان راستچىل مۇلازىم.

(4) تېرىقچىلىققا يارايدىغان ياۋاش هايۋان.

دۆلەتنىڭ ئامانلىقى تۆت نەرسە بىلەن بولىدۇ:

(1) هوشيارلىق؛ (2) توغرا مۇددىئا؛ (3) ياخشى تەدبىر؛ (4) ئىتتىك شەمشەر.

تۆت خىل ئادەم تۆت خىل ئادەمگە ئامراق كېلىدۇ:

(1) قويمىچى بىخۇد ئادەمگە ئامراق كېلىدۇ.

(2) ئوغرى بىپەرۋا ئادەمگە ئامراق كېلىدۇ.

(3) بۇلاڭچى قورقۇنچاق ئادەمگە ئامراق كېلىدۇ.

(4) ساختىپەز هاماقەت ئادەمگە ئامراق كېلىدۇ.

بۇ تۆت ئىش كىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ:

(1) يالغان سۆزلەش؛ (2) ئەزمىلىك؛ (3) تەكەببۇرلۇق؛ (4) چېقىمچىلىق.

دۇنيادا تۆت نەرسە ئاجايىپتۇر:

(1) قانچە يېسەڭمۇ كېمەيمەيدۇ. بۇ — غەمدۇر.

(2) قانچە بەرسەڭمۇ تۈرۈۋېرىدۇ. بۇ — ئىنسابتۇر.

(3) قانچە ئېقىتساڭمۇ تۈگىمەيدۇ. بۇ — ياشتۇر.

(4) قانچە سۇنسىمۇ قىممىتى كېمەيمەيدۇ. بۇ — دىلدۇر.

ئىنسان تەبىئىتى تۆت خىل بولىدۇ:

(1) مەلئۇن ئادەم ئۆزى يېمەيدۇ، باشقىلارغىمۇ يېگۈزمەيدۇ.

(2) بېخىل ئۆزى يەيدۇ، باشقىلارغا بەرمەيدۇ.

(3) سېخىي ئادەم ئۆزىمۇ يەيدۇ، باشقىلارغىمۇ بېرىدۇ.

(4) كەرەملىك، ھەممەتلىك ئادەم ئۆزى يەمەي، باشقىلارغا يېگۈزىدۇ.

مۇنداق تۆت ئىشنى قىلما:

(1) كۈچۈڭ ۋە قابىلىيىتىڭ يەتمىگەن ئىشقا كىرىشىپ، ئۆزۈڭگە زەخمەت ۋە مۇشاقەت كۆپەيتىۋالما.

(2) ئۆزۈڭگە ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتسىز ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆمرىڭنى زايە قىلما.

(3) ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقلارنىڭ سۆزىگە ئالدانماڭ.

(4) مال ـ دۇنيارىڭ ۋە مەرتىۋەڭدىن مەغرۇرلانما.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك بەش ئىش

ئىلىملىك بولۇشنىڭ بەش تۈرلۈك پايدىسى:

(1) ئىلىملىك كىشى مېغىزغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە كىشى ئىنتىلىدۇ.

(2) ئىلىم كىشىدە كەمتەرلىك پەيدا قىلىدۇ.

(3) ئىلىملىك كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ،

(4) ئىلىم كىشىلەرنى ساخاۋەت ئىگىسى قىلىدۇ.

(5) ئىلىم كىشىگە مەڭگۈلۈك ئابرۇي ئاتا قىلىدۇ.

بەش ئىش كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ:

(1) مال ـ دۇنيا يىغىشقا بېرىلىپ كېتىش.

(2) سىناشماي تۇرۇپ دوست بولۇش.

(3) ۋۇجۇدقا چىقمىغان بىلىم.

(4) رازىلىقسىز بېرىلگەن سەدىقە.

(5) ساغلام بولمىغان تىرىكچىلىك.

بەش ئىش بولمىسا بەش نەرسە بولمايدۇ:

(1) ئېتىقاد بولمىسا ــــ غايە بولمايدۇ.

(2) غايە بولمىسا ــــ نىشان بولمايدۇ.

(3) نىشان بولمىسا ــ غەيرەت بولمايدۇ.
(4) غەيرەت بولمىسا ــ كەسىپ بولمايدۇ.
(5) كەسىپ بولمىسا ــ مۇۋەپپەقىيەت ۋە بايلىق بولمايدۇ.

بەش نەرسە ئەقىللىك ئادەمنىڭ خىسلىتىدۇر:
(1) قولدىن كەتكەن نەرسىگە ئېچىنىپ ئولتۇرماسلىق.
(2) ئەمگەكتىن قورقماسلىق.
(3) هاكاۋۇر بولماسلىق.
(4) قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا كىرىشمەسلىك.
(5) خالىغان نەرسىسىنى قولغا كەلتۇرەلمىگىنىگە قايغۇرماسلىق.

بۇنداق بەش خىل كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ:
(1) نەپسى يامان، ئاچ كۆز كىشىلەر.
(2) بېخىل ۋە خەسىس كىشىلەر.
(3) يالغانچى كىشىلەر.
(4) جاهىل، نادان، ئەخمەق كىشىلەر.
(5) بوشاڭ، گول، مېھىرسىز كىشىلەر.

ئاقىل كىشىلەر بەش ئىشقا ئالدىرىسا بولىدۇ:
(1) مەنسەپ ـ مەرتىۋىدە ئۇنىڭغا يېتىش مۇمكىن بولسا ئالدىرىسا بولىدۇ.
(2) زەهەردىن قېچىشقا ئالدىرىسا بولىدۇ.
(3) ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئالدىرىسا بولىدۇ.
(4) ئۆزىنى بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىسا بولىدۇ.
(5) نەپ ئېلىشقا ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالدىرىسا بولىدۇ.

كىشى بەش ئەيىبكە يول قويسا، بەش پۇشايمانغا قالىدۇ:
(1) زۆرۈر ئىشنى ئارقىغا سۈرەيدۇ. نەتىجىدە ۋاقتى كېتىدۇ.
(2) يېقىن دوستى خاپا قىلىدۇ. نەتىجىدە بالاغا مۇپتىلا

قىلىدۇ.

(3) دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىشتىن غاپىل بولىدۇ. نەتىجىدە زىيان تارتىدۇ.

(4) ھايالىق، ئىپپەتلىك بولمايدۇ. نەتىجىدە خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىدۇ.

(5) يامان ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. نەتىجىدە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

بۇ بەش خىسلەت كىمدە بولسا شۇ ئۇلۇغ بولغاي:

(1) توغرا سۆزلۈك بولغان بولۇش.

(2) سىرنى يوشۇرۇشنى بىلىش.

(3) ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.

(4) نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش.

(5) ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق.

سەپەر قىلىشتىكى بەش پايدا:

(1) كۆڭۈل ئېچىش.

(2) كۈچ توپلاش.

(3) بايلىق يىغىش.

(4) ئىلىم ـ ئەدەپ ئۆگىنىش.

(5) دانالار زىيارىتىدە بولۇش.

ئادەم مۇنداق بەش خىسلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك:

(1) قولدىن كېتىشى ۋە مەڭگۇ تۇرماسلىقى مۇقەررەر بولغان بايلىق بىلەن پەخىرلەنمەسلىكى كېرەك.

(2) باشقا كەلگەن كۈلپەتتىن قورقۇپ روھى چۈشمەسلىكى كېرەك.

(3) كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان بايلىق ئۈچۈن ئالدىراپ شادلانماسلىقى كېرەك.

(4) ئۆزىگە لايىق ۋە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلماسلىق.

(5) ئېرىشەلمىگەن نەرسە ئۈچۈن قايغۇرماسلىق.

ئەقىللىق كىشى مۇنداق بەش ئىشنى يوشۇرۇشى لازىم:

(1) مال ـ بايلىقىغا نۇقسان يەتسە، بۇنى يوشۇرۇشى لازىم.

(2) ئۆزگىلەرنىڭ ئالدىدا غەم ـ ئەندىشىسىنى يوشۇرۇش لازىم.

(3) باشقىلارغا قىلغان ياردەم ـ ئېھسانلىرىنىمۇ يوشۇرۇشى لازىم.

(4) ئۆزى ياكى قېرىنداشلىرىدىن بىرەر ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش ئۆتسە ئۇنى يوشۇرۇشى لازىم.

(5) پىشمىغان ئوي ـ پىكرى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىمۇ باشقىلاردىن يوشۇرۇش لازىم.

بەش خىسلەتكە ئىگە كىشى خۇشال ۋە شادىمان بولۇر:

(1) ئامانەتنى ساقلىغان كىشى.

(2) راستچىل كىشى.

(3) خۇشخۇي كىشى.

(4) پەرھىزكار كىشى.

(5) ھايالىق كىشى.

بۇ بەش ئىش غەنىيمەتتۇر:

(1) قېرىلىقتىن ئىلگىرىكى ياشلىق.

(2) بىمارلىقتىكى ئىلگىرىكى ساقلىق.

(3) كەمبەغەللىكتىن ئىلگىرىكى بايلىق.

(4) زەخمەتتىن ئىلگىرىكى پاراغەت.

(5) ئۆلۈمدىن ئىلگىرىكى تىرىكلىك.

ئەخمەقلەرنىڭ ئالامىتى بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئۆز پايدىسىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغانلار.

(2) رىيازەت چەكمەي تۇرۇپ ئاخىرەت ساۋابىنى تاما قىلىدىغانلار.

(3) مەيخورلۇق بىلەن خوتۇنلارغا ئاشىق بولىدىغانلار.

(4) راھەت بىلەن بىلىم بىلمەكنى ئىزدىگەنلەر.
(5) ۋاپاسىزلىق بىلەن بىر كىمدىن دوست تاما قىلىدىغانلار.
بۇ بەش خىسلەت ئەقىللىق ئادەمنىڭ سۈپىتى:
(1) قولدىن كەتكەن نەرسىگە ئېچىنىپ ئولتۇرمىغان كىشى.
(2) مېھنەتتىن قورقمىغان كىشى.
(3) مەغرۇرلانمىغان كىشى.
(4) قولدىن كەلمىگەن ئىشقا كىرىشمىگەن كىشى.
(5) قولغا كىرمىگىنىگە قايغۇرمىغان كىشى.
بەش ئىشتا بەش ئىشقا يەتمىگىچە كۆڭۈل ئارام تاپمايدۇ:
(1) ئاغرىق كىشى ساقايمىغۇچە يېمەكلىكتىن لەززەت تاپالمايدۇ.
(2) ھاممال ئۇچىسىدىكى يۈكنى قويمىغۇچە ئارام تاپالمايدۇ.
(3) ئاشىق ـ مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يەتمىگۈچە ئامان تاپمايدۇ.
(4) سەپەر قىلغۇچى مەنزىلگە يەتمىگۈچە خاتىرجەم بولالمايدۇ.
(5) قورققان كىشى دۈشمىنى يوقالمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ.



بۇ بەش خىسلەتنى ئۆزىدە ھازىر قىلغان كىشىنىڭ ئارزۇسى ھاسىل بولىدۇ:
(1) بەت قىلىقلىقتىن يىراق بولغان كىشى.
(2) ياخشى ئىش قىلىدىغان كىشى.
(3) تۆھمەت ۋە رىياكارلىقتىن يىراق تۇرغان كىشى.
(4) ياخشى خۇي ـ مىجەزلىك كىشى.
(5) ئەل بىلەن چىقىشقاق، ئەدەپلىك كىشى.
مۇراد تاپاي دېگەن كىشى بۇ بەش ئىشنى قىلىشى كېرەك:
(1) قەھر ـ غەزەپ ئوتىنى مۇلايىملىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈش كېرەك.
(2) ئەخلاقسىز، بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

(3) ئىشنى توغرا قىلىشى، خىيانەت يولىغا قەدەم باسماسلىقى كېرەك.

(4) چىداملىق، تاقەتلىك بولۇشى كېرەك.

(5) بىراۋغا ئازار بېرىشتىن، ھېرىس، تاما ـ ئىغۋادىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئىنسان ئۈچۈن ئەيىب سانىلىدىغان بەش ئىش:

(1) بېخىللىق.

(2) يالغانچىلىق.

(3) چېقىمچىلىق.

(4) دوستلارنىڭ ئازغىنە كەمچىلىكىنى كۆرۈپلا يۈز ئۆرۈش.

(5) ئۆز ئەيىبىنى كۆرمەي، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارا قىلىش.

بۇ بەش جۈملە سۆز ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ:

(1) بىرىنچى جۈملە: ئەلالىق بىر خىل ئادەت.

(2) ئىككىنچى جۈملە: ھاياتلىق بىر جەريان.

(3) ئۈچىنچى جۈملە: ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئەڭ قىسقا ئارىلىق تۈز سىزىق بولۇشى ناتايىن.

(4) تۆتىنچى جۈملە: پەقەت قانداق توختىتىشنى بىلگەن ئادەملا قانداق سۈرئەت ئاشۇرۇشنى بىلىدۇ.

(5) ۋاز كېچىشمۇ بىر خىل پاراسەت، كەمچىلىكمۇ بىر خىل ئىلتىپات.

چىڭگىزخاننىڭ بەش مەشھۇر سۆزى:

(1) ئوت ـ چۆپ ئۈنگەنلىكى جاي ئات باقىدىغان يايلىقىم بولسۇن.

(2) دانىشمەنلەر ياكى قابىللارغا ئېرىشسەملا ئۇلارنى كەتكۈزمەي ماڭا ئەگىشىپ ماڭىدىغان قىلىمەن.

(3) دۈشمەننى يېڭىپ ئولجا ئالغان بايلىقلارنى تەڭ تەقسىم قىلىمىز.

(4) پولاتتەك ئىنتىزام بولمىسا، جەڭ ھارۋىسىنى يىراققا ھەيدىگىلى بولمايدۇ.

(5) كۆكسى ـ قارنىڭ قانچە كەڭ بولسا ئېتىڭ شۇنچە يىراققا چاپالايدۇ.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئالتە ئىش

دۇنيادا ئالتە ئىشنىڭ ئالتە ئىشسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس:

(1) دۇنيانىڭ مېلى ــ ھەرىكەتسىز بولمايدۇ.

(2) نەپسىنىڭ خاھىشى ــ مېھنەتسىز بولمايدۇ

(3) يامانلارغا قوشۇلماق ــ نادامەتسىز بولمايدۇ.

(4) بېخىلدىن تاما قىلماق ــ خارلىقسىز بولمايدۇ.

(5) پادىشاھقا مۇلازىم بولماق ــ ئاپەتسىز بولمايدۇ.

(6) خوتۇنلار بىلەن ناشايان ئىش قىلىش ــ بالاسىز بولمايدۇ .

ئادەم ئۈچۈن مۇنداق ئالتە نەرسە ئەڭ باھالىقتۇر:

(1) ئەقىل ـ پاراسەت؛ (2) ئەدەپ ـ ئەخلاق؛ (3) ياخشى مىجەز ـ خۇلۇق؛ (4) ھالال بايلىق؛ (5) ياخشى ئارزۇ ـ ئىستەك؛ (6) تەن ساقلىق.

دوستلۇقنىڭ شەرتىنى مۇنداق ئالتە ئىشقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) بەرمەك؛ (2) ئالماق؛ (3) سىر ئېيتماق؛ (4) سىر ئاڭلىماق؛ (5) زىياپەتتە بولماق؛ (6) زىياپەت بەرمەك.

ئالتە ئىش راھەتتە ياشاشقا ياردەم بېرىدۇ:

(1) ئىشچانلىق؛ (2) ھەقىقىي دوست؛ (3) تەربىيە كۆرگەن پەرزەنت؛ (4) مېھرىبان خوتۇن؛ (5) شېرىن ـ يېقىملىق سۆز؛ (6) ئەقىل ـ پاراسەت.

ئالتە نەرسىدىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ:

(1) ئەمەلسىز سۆزدىن؛ (2) جەۋھەرلىك مالدىن؛ (3) تەجرى-

بىسىز دوستتىن؛ (4) رىئايە قىلمىغان ئىلىمدىن؛ (5) مەقسەت-سىز سەدىقىدىن؛ (6) ساقىسىز تىرىكلىكتىن.

ئالتە نەرسىدىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك:

(1) بۇلۇتنىڭ سايىسىدىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ قاراپ بولغۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

(2) غەرەزلىك دوستلۇق - مۇھەببەتتىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

(3) پەردازلانغان چىرايدىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ ئاسانلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

(4) يالغاندىن تەرىپلەش ۋە ماختاشتىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ ئىز بېسىپ تۇرالمايدۇ.

(5) مېھنەتسىز قولغا كەلگەن بايلىق ۋە ساختا مالدىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ ئىگىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.

(6) مەنبەسى يوق ئېقىندىن ۋاپا كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ ۋاقتىنچە ئاقسىمۇ كېيىن توختاپ قالىدۇ.



بۇ ئالتە خىسلەت بار كىشىنىڭ دوستلۇقىدا قۇسۇر يوق بولىدۇ:

(1) دوستىنىڭ ئەيىبىنى بىلسە باشقىلارغا دېمىگەن كىشىدە قۇسۇر يوق بولىدۇ.

(2) دوستىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسە بىرنى ئون قىلىپ ئېيتقان كىشىدە قۇسۇر يوق بولىدۇ.

(3) دوستىغا ياخشىلىق قىلسا مىننەت قىلمىغان كىشىدە قۇسۇر يوق بولىدۇ.

(4) دوستىدىن مەنپەئەت كۆرگەن بولسا ئۇنتۇمىغان كىشىدە قۇسۇر يوق بولىدۇ.

(5) دوستىدىن ئۆزىگە خاتالىق يۈز بەرگەن بولسا ئەپۇ قىلغان كىشىدە قۇسۇر يوق بولىدۇ.

(6) دوستى ئۆزرە قويسا قوبۇل قىلغان كىشىدە قۇسۇر يوق

بولىدۇ.

بۇنداق ئالتە خىل ئىشتا ئادەمنىڭ تىلى جىم بولمىقى لازىم:

(1) كۆپ سۆزلەشتە؛ (2) قەسەم ئىچىشتە؛ (3) بىھۇدە چاقچاق ـ ھەزىل قىلىشتا؛ (4) كىشىنى يامانلاپ تىللاشتا؛ (5) ئۆزىنى باشقىلاردىن يۇقىرى تۇتۇپ ماختاشتا؛ (6) باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشتا.

ئالتە خىل كىشى ئالتە خىل نەرسىدىن ئۈمىد ئۈزگەي:

(1) زالىم پادشاھ دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇستەھكەملىكىدىن ئۈمىد ئۈزگەي.

(2) مەغرۇر ۋە تەكەببۇر كىشى ئەلنىڭ ماختىشى ۋە نام چىقىرىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەي.

(3) بەتخۇي كىشى مۇھەببەتداشلاردىن ئۈمىد ئۈزگەي.

(4) ئەدەپسىز كىشى ئۇلۇغ مەرتىۋىدىن ئۈمىد ئۈزگەي.

(5) ئاچ كۆز كىشى ياخشىلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەي.

(6) تاماخور كىشى بىگۇناھلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەي.

بۇ ئالتە ئىش جاھىللىقنىڭ بەلگىسىدۇر:

(1) سەۋەبسىز ئاچچىقلىنىش؛ (2) بىھۇدە سۆزلەش؛ (3) ئىھسانىنى ئۆز جايىدا قىلماسلىق؛ (4) ھەممىگە ئىشىنىۋېرىش؛ (5) دوست ـ دۈشمەننى پەرق قىلماسلىق؛ (6) نەپسىنىڭ قۇلى بولۇش.

ئەڭ قورقۇنچلۇق ئالتە نەرسە:

(1) داۋراڭچىلىق؛ (2) ساختىپەزلىك؛ (3) ئالدامچىلىق؛ (4) يالغانچىلىق؛ (5) ھاكاۋۇرلۇق؛ (6) مەمەدانلىقتىن ئىبارەت.

مەسىلەن، ئىش يۈزىدە كۆرۈلمىگەن ئىرادە — يالغانچىلىق ۋە قۇرۇق گەپتۇر.

نەتىجىسى يوق يالغان گەپ — داۋراڭچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتۇر.

مەزمۇنسىز قۇرۇق شوئار — مەمەدانلىق ۋە پوچىلىقتۇر.

سەمىمىيەتسىز مۇھەببەت — ساختىپەزلىك ۋە يالغانچى-

لىقتۇر.

تەدبىرسىز پىلان — قۇرۇق گەپ ۋە داۋراڭچىلىقتۇر.

سۇپەتسىز تاۋار — ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقتۇر.

ئىلىم - پەنگە زىت خام - خىيال — ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقتۇر.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئەسقاتىدىغان ئالتە تۇرلۇك مىزان:

(1) ئۆزىگە ئىشىنىش؛ (2) ئىشتىياق باغلاش؛ (3) ھېسداشلىق؛ (4) كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە كەسپكە بېرىلىش؛ (5) ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇش؛ (6) مەڭگۈ ئۈمىد بىلەن ياشاش.

ئىنساندا ئىللەت پەيدا قىلىدىغان ئالتە نەرسە:

(1) كېچىسى ئاز ئۇخلاش؛ (2) كۈندۈزى كۆپ ئۇخلاش؛ (3) سۇيدۇكنى ئۇزاق تۇتۇش؛ (4) توق قورساقتا تاماق يېيىش؛ (5) كېچىسى سوغۇق سۇ ئىچىش؛ (6) جىنسىي ئالاقىگە كۆپ بېرىلىش.

كىشىلىك ھاياتتىكى ئالتە خىل بەرھەقلىك:

(1) ھوقۇق ۋاقىتلىق؛ (2) مال - مۈلۈك كېيىنكىلەرنىڭ؛ (3) ساغلاملىق ئۆزىڭىزنىڭ؛ (4) بىلىم كېرەك؛ (5) دوستلۇق قىممەتلىك؛ (6) ئىناۋەت ئۇزاق مۇددەتلىك.

ئىنسان پەزىلىتى ئالتە ئەمەلنىڭ يەكۈنى:

(1) ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغانلار — ئەۋلىيادۇر.

(2) ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغانلار — دانىشمەنلەردۇر.

(3) ئاۋۋال ئومۇمنى، كېيىن ئۆزىنى ئويلايدىغانلار — دىيانەتلىكتۇر.

(4) ئاۋۋال باشقىلارنى، كېيىن ئۆزىنى ئويلايدىغانلار — ياخشىلاردۇر.

(5) ئومۇم بىلەن ئۆزىنى تەڭ ئويلايدىغانلار — ئادەتتىكى ئادەملەردۇر.

(6) ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ ئومۇمغا ۋە باشقىلارغا زىيان سالى-

دىغانلار — گۇناھكارلاردۇر.

ئىنسانلاردىكى ئالتە خىل خۇشاللىق:

(1) ئالغا ئىنتىلىش — خۇشاللىق.

(2) قانائەت قىلىش — خۇشاللىق.

(3) باشتىكى جاپا — كېيىن خۇشاللىق.

(4) ئۆزى ئېرىشىش — خۇشاللىق.

(5) باشقىلارغا ياردەم بېرىش — خۇشاللىق..

(6) كۆپچىلىك بىلەن تەڭ خۇشال بولۇش — خۇشاللىق.

جاھاندارچىلىقتىكى ئالتە تاقابىللىق:

(1) ھەر ئىشتا تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش.

(2) بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە تەمكىن بولۇش.

(3) ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا پەرۋاسىز بولۇش.

(4) جاپالىق ۋە ئەگرى - توقايلىق مۇقەررەر ئىش.

(5) بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا دېيىش.

(6) كۆپنى كۆرگەننىڭ ئۆزى ھەممىدىن ئېشىپ چۈشۈش.



ئادەملەر ھەرىكەتتە ئالتىگە پايدىلىق بولۇشى كېرەك:

(1) دۆلەتكە پايدىلىق بولۇش؛ (2) مىللەتكە پايدىلىق بولۇش؛ (3) جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇش؛ (4) خەلققە پايدىلىق بولۇش؛ (5) كېيىنكى ئەۋلادلارغا پايدىلىق بولۇش؛ (6) شەخسىيگە پايدىلىق بولۇش.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك يەتتە ئىش

پەندى - نەسىھەت ۋە يەتتە خىل ئادەم:

(1) پەندى - نەسىھەت نادانلار ئۈچۈن شور يەرگە ياغقان يامغۇر.

(2) ئەقىلسىزلەر ئۈچۈن سۈيى يوق قۇدۇق.

(3) مۇرۇۋۋەتسىز يوق تەن ئۈچۈن گۈلى يوق باغ.

(4) پەرھىزكارلىقى يوق ئالىم ئۇچۇن تىزگىنى يوق ئات.
(5) ئادالىتى يوق پادىشاھ ئۇچۇن يامغۇرى يوق ئاق بۇلۇت.
(6) ئىنساپلىق ھاكىم ئۇچۇن شادخۇراملىق ۋە بەختتۇر.
(7) تەكەببۇر كىشىلەر ئۇچۇن چىرايلىق قۇرۇق گەپ.

بۇ يەتتە ئىشقا ئەمەل قىلىنسا ياخشى ئاتلىق بولۇر:

(1) دانالار مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىش؛ (2) ھەر ئىشنى ئۆز لايىقىدا قىلىش؛ (3) ئادالەتلىك بولۇش؛ (4) سەۋرلىك بولۇش؛ (5) كەمتەر بولۇش؛ (6) جاھىل بولماسلىق؛ (7) پايدىدىن باشقىلارنى بەھرىمەن قىلىش.

يەتتە نەرسە جاھىل ۋە نادان كىشىلەرنىڭ بەلگىسىدۇر:

(1) سەۋەبسىز غەزەپ؛ (2) ئورۇنسىز سوۋغات؛ (3) دوست ـ دۈشمەننى ئايرىماسلىق؛ (4) پايدىسىز گەپنى كۆپ قىلىش؛ (5) ئۆز قەدرىنى بىلمەسلىك؛ (6) تەكەببۇر بولۇش؛ (7) باشقىلاردىن گۇمانلىنىپلا يۈرۈش.

ئەقىللىق ئادەم مۇنداق يەتتە خىل كىشى بىلەن كېڭەشمەيدۇ:

(1) نادانلار؛ (2) دۈشمەنلەر؛ (3) ھەسەتخورلار؛ (4) يالغانچىلار؛ (5) قورقۇنچاقلار؛ (6) بېخىللار؛ (7) نەپسىگە بېرىلگەنلار.

يەتتە خىل كىشىنى يەتتە يەردە سىناشقا بولىدۇ:

(1) ئالىمنى — سۆزلەۋاتقاندا ۋە بەس ـ مۇنازىرىدە سىناشقا بولىدۇ.
(2) ھەقىقىي ئىنساننى — غەمكىن كۈنلەردە سىناشقا بولىدۇ.
(3) دوستنى — ھاجىتى چۈشكەندە سىناشقا بولىدۇ.
(4) دېھقاننى — ئېتىز ئىشلىرىدا سىناشقا بولىدۇ.
(5) سودىگەرلەرنى — ھېساب ـ كىتابتا سىناشقا بولىدۇ.
(6) ئۇلۇغ كىشىلەرنى — غەزەپ پەيتىدە سىناشقا بولىدۇ.
(7) مەرد كىشىنى — جەڭ مەيدانىدا سىناشقا بولىدۇ.

بۇ يەتتە خىل كىشى كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە سازاۋەردۇر:

(1) تەكلىپ قىلمىسىمۇ بىراۋنىڭ داستىخىنىغا قورساق

تويغۇزۇش ئۇچۇن بارغان كىشى.

(2) زىيايەت ۋە يىغىلىشلاردا تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشقا ئىنتىلگەن كىشى.

(3) دۇشمەندىن شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق كۇتكەن كىشى.

(4) بىراۋنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان تۇرۇقلۇق ئۆي ئىگىسىگە تەنبىھ بەرگەن كىشى.

(5) ئىككى كىشى بىرەر نەرسە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا ئۇلارغا كاشىلا قىلىپ سۆزىگە ئارىلىشىۋالغان كىشى.

(6) ھۇرۇن ۋە ئىش خۇشياقمايدىغان كىشىدىن ياخشىلىق كۇتكەن كىشى.

(7) سۆزىنى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان كىشىگە زورۇقۇپ سۆزلىگەن كىشى.

بۇ يەتتە ئىش بىلىمسىزلەرنىڭ ئادىتى:

(1) ھەر نەرسىگە ئاچچىقلىنىش؛ (2) سىنالمىغان ئادەمگە ئىشىنىش؛ (3) دوست ـ دۇشمەننى پەرق ئەتمەسلىك؛ (4) سىرىنى ھەركىملەرگە ئېيتىش؛ (5) نادانلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىش؛ (6) پايدىسىز سۆزنى كۆپ سۆزلەش؛ (7) نالايىق ئادەمگە ياردەملىشىش.

ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە يۇزلەندۇرىدىغان يەتتە ئىش:

(1) ئەخلاق كۆز قارىشى بولمىغان سىياسى؛ (2) جاۋابكارلىقى يوق راھەت ـ پاراغەت؛ (3) هارامدىن كەلگەن مال ـ دۇنيا؛ (4) ھەق ـ ناھەق قارىشى يوق ئىلىم؛ (5) ئەخلاقسىز ئوقەت؛ (6) قۇربانسىز چوقۇنۇش.

ئالىملارنىڭ ئادەم ھەققىدىكى يەتتە تۇرلۇك تەبىرى:

(1) بىيولوگ: ئادەم ـــ ھۇجەيرىلەرنىڭ جۇغلانمىسى.

(2) ئاسترونوم: ئادەم ـــ سامان يولىنىڭ بالىسى.

(3) خىمىك: ئادەم ـــ كاربون ئاتومىنىڭ مەھسۇلى.

(4) ئەدىب: ئادەم ـــ نومۇسنى بىلىدىغان ياكى نومۇسقا

موھتاج بولغان بىردىنبىر ھايۋاندۇر.

(5) ئىنسانشۇناس: ئادەم — بەدەن ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاستا ـ ئاستا تولۇقلىنىشى، يەنى ئۆرە تۇرالايدىغان ئىككى پۇت، ئۆتكۈر كۆز، ئىشچان ئىككى قول ۋە تەرەققىي قىلغان چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت.

(6) ئارخېئولوگ: ئادەم — مەدەنىيەتنى تولۇقلىغۇچى، شەھەرنىڭ قوغدىغۇچىسى، ساپال بۇيۇملارنىڭ ئىجادچىسى، زىرائەتلەرنىڭ تېرىغۇچىسى، خەت يېزىشنىڭ ئىختىراچىسى.

(7) پىسخولوگ: ئادەم — مۇرەككەپ ۋە خاسىيەتلىك چوڭ مېڭىنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئابستراكتلىق ئىقتىدارى بار. ئۇنداق ئىقتىدار ئۇنىڭ باشقا ھايۋان ئەجدادلىرىدىن ۋارىسلىق قىلغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت ۋە ھېسسىي تۇيغۇسىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئادەم تونۇشنىڭ يەتتە خىل ئۇسۇلى:

(1) ھەق ـ ناھەق مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشنى سوراش ئارقىلىق ئىرادىسىنى كۆزىتىش.

(2) ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قىلىنغان سۆزلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىشنى كۆزىتىش.

(3) پىلاننى سوراش ئارقىلىق سادىقلىقىنى كۆزىتىش.

(4) بالا ـ قازا ۋە مۇشكۇلاتلارنى ئېيتىش ئارقىلىق جۈرئىتىنى كۆزىتىش.

(5) ھاراق بىلەن مەست قىلىش ئارقىلىق خاراكتېرىنى كۆزىتىش.

(6) كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەگە قاراپ پاكلىقىنى كۆزىتىش.

(7) ئىش بېجىرىشىگە قاراپ ئىقتىدارىنى كۆزىتىش.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك سەككىز ئىش

دوستلىشىش ۋە ھەمسۆھبەت بولۇشتا سەككىز تۈرلۈك ھەق بار:

(1) مال ھەققى؛ (2) نەپس ھەققى؛ (3) تىل ھەققى؛ (4) ئەزالار ھەققى؛ (5) ۋاپا ھەققى؛ (6) ئىخلاس ھەققى؛ (7) يوللاش ھەققى؛ (8) ئۆزىنى تىزگىنلەشنى بىلىش ھەققىدۇر.

سەككىز نەرسە سەككىز نەرسىگە باغلىق بولىدۇ:

(1) خوتۇننىڭ ئىززىتى ئەر بىلەن بولىدۇ.

(2) بالىنىڭ ئىززىتى ئاتا بىلەن بولىدۇ.

(3) شاگىرتلارنىڭ ئەقىل ـ ھوشى ئۇستاز بىلەن بولىدۇ.

(4) لەشكەرلەرنىڭ قۇۋۋىتى سەردار بىلەن بولىدۇ.

(5) زاھىتلارنىڭ كارامىتى تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ.

(6) پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكى پادشاھ بىلەن بولىدۇ.

(7) پادشاھلىقنىڭ ئىشى ئادىللىق بىلەن بولىدۇ.

(8) ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئەقىل ۋە ھوشيارلىق بىلەن بولىدۇ.

سۆھبىتى پايدىلىق بولغان سەككىز خىل كىشى:

(1) ياخشىلىقنى بىلىدىغان، ھەق ـ ھوقۇقنى ئادا قىلىدىغان كىشى.

(2) مېھىر ـ مۇھەببىتى ھەرقاچان ئۆزگەرمەيدىغان كىشىلەر.

(3) ئۇلۇغلارنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشى.

(4) نەپسانىيەتچىلىكتىن، تەكەببۇرلۇقتىن، يالغانچىلىقتىن خالىي كىشى.

(5) غەزەپ پەيتىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغان كىشى.

(6) ساخاۋەت بايرىقىنى كۆتۈرگەن كىشى.

(7) شەرم ـ ھايانى ئۆزىگە قورال قىلغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق

كىشى.

(8) ئالىم ۋە پازىل كىشىلەر بىلەن دوستلاشقان، پىتىنىدىن قاچىدىغان كىشى.

سۆھبىتى پايدىسىز بولغان سەككىز خىل كىشى:

(1) ياخشىلىق ھەققىنى بىلمەيدىغان ۋە ياخشىلىق قىلغانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدىغان كىشىلەر.

(2) سەۋەبسىز ئاچچىقى كېلىدىغان، غەزىپى ياۋاشلىقنى بېسىپ چۈشىدىغانلار.

(3) ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشنى جەزملەشتۈرىدىغان كىشىلەر.

(4) ئۆز ئىشىنىڭ ئاساسىنى ئالدامچىلىق ۋە مەككارلىق بىلەن قۇرۇپ چىققان كىشىلەر.

(5) سۆزلەشكە ئامراق، لېكىن راست سۆزلەشتىن قاچىدىغان كىشىلەر.

(6) شەھۋەت مەيدانىدا ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى مەقسەت ـ مۇددىئا قىلغان كىشىلەر.

(7) شەرم ـ ھاياسى يوق بىئەدەپ كىشىلەر.

(8) كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قاچمايدىغان كىشىلەر.

سەككىز ئىبرەتلىك ئىش:

(1) بىراۋغا نەپ كەلتۈرمەيدىغان بايلىق ـــ ئەڭ يامان بايلىقتۇر.

(2) ئەڭ يامان دوست ـــ مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىق مەزگىلىدە كىشىنى يالغۇز قويىدىغان دوست.

(3) ئەڭ مەلئۇن قېرىنداش ـــ باشقا قېرىنداشلىرىغا نەپ بەرمىگەنلەردۇر.

(4) ئەڭ يامان خوتۇن ـــ ئەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتمىگەن خوتۇنلاردۇر.

(5) ئەڭ يامان پەرزەنت ـــ ئاتا ـ ئانىسىغا بويسۇنمىغان بالا.

(6) ئەڭ يامان تەن ـــ ساقلىقى دائىم بۇزۇلۇپ رەنج ـ ئەلەم كەلتۈرىدىغان تەن.

(7) ئەڭ يامان سۆھبەت ــ تىلى بىلەن دىلى بىر بولمىغان سۆھبەت.

(8) تىنچلىق ۋە ئەرزانچىلىق بولمىغان شەھەر ــ ئەڭ ۋەيران شەھەردۇر.

دائىم خۇشال يۈرۈشنىڭ سەككىز خىل ئۇسۇلى:

(1) كۆكسى ـ قارنىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ، كىچىك ئىشلارغا كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېتىڭ.

(2) باشقىلارنى ھۆرمەتلەڭ، بەزى ئىشلاردا يول قويۇڭ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن گەپ قىلماڭ، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشماڭ.

(3) مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويماڭ، كۆكسى ـ قارنىڭىزنى توق تۇتۇڭ.

(4) ھەسەتخورلۇقتىن ھەزەر ئەيلەڭ، بەختلىك بولاي دېسە- ڭىز باشقىلارنىڭ بەختىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىڭ.

(5) ئاز سۆزلەپ كۆپرەك ئاڭلاڭ.

(6) چىقىشقاق، سەممىي بولۇڭ.

(7) كۆپرەك دوست تۇتۇپ ئۇلار بىلەن سىردىشىپ تۇرۇڭ.

(8) يۇمۇرلۇق بولۇڭ.

ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ سەككىز خىسلىتى:

(1) ئەپۇ؛ (2) تەۋەززۇ؛ (3) شەپقەت؛ (4) سېخىيلىق؛ (5) خۇش چىراي؛ (6) ھايا؛ (7) نۇمۇس؛ (8) مەردلىك.

تۇرمۇشتىكى سەككىز دىققەت:

(1) دوستلار ئۆزۈكسىز تۇردە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. كۆرمىگىلىغان كىشىلەر سىز بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ۋە ئۈچرىشىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. دوستلىرىم ئاز دەپ ئاغرىنماڭ، ھېچبولمىسا ھەرپلەرنى تىزىپ ئىسىم ياسىسىمۇ سىزنىڭ يەنە مىليارد دوست تۇتۇش مۇمكىنچىلىكىڭىز بار. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىدە «مەڭگۈلۈك دوست يوق، مەڭگۈلۈك پايدا ـ زىيانلا بار» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. سۆز ـ ھەرىكەتتى ئارقىلىق

سىزنى زىياندىن توسىدىغان دوستلارلا ھەقىقىي دوست ھېساب-لىنىدۇ.

(2) سىز دائىملا دېگىنىڭىزگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز ئەتراپىڭىزدىكى ماددىي نەرسىلەرگىلا سەپ سالماڭ، قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، ھاياتنىڭ قىسقىلىقىنى ئويلاڭ - دە، بۇ خىل ئامىتىڭىز كەلمىگەن كۈنلەرنىڭمۇ تەڭ نىسبەتتە قىسقا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

(3) نۇرغۇن كىشىلەر سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر سىزنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، سىزنىڭ يامان تەرىپىڭىزنى قىلىشى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى، سىز ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە قارىتىمەن دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇ پەقەتلا ئۆزىڭىزنى ئالدىغانلىق بولۇپ قالىدۇ. بىلىڭكى تەڭرى سىزنى ياخشى كۆرگەچكە ياراتقان ۋە سىزدىكى ئەقىل ۋە ھېس قىلغۇچى ئەزالارنى سوۋغا قىلغان، سىزنى مۇئەييەن ھۆرمەت ۋە كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلغان. سىز ئۆزىڭىزنى مەن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيمەن دەپ قارى-سىڭىزلا تەڭرىگە يارىغان بولىسىز. باشقىلارنىڭ قانداق قارىشى مۇھىم ئەمەس.

(4) تۇرمۇشىڭىزنى پەقەت ئۆزىڭىزلا ئۆزگەرتەلەيسىز. ئۆزى-ڭىز ئۈچۈن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. چۈنكى سىزگە ياردەم قىلىدىغان كىشىلەر مەڭگۈلۈك ياردەم قىلالمايدۇ، شۇڭا سىزمۇ ئۇ خىل ھاسا - تاياقلارسىز ياشاشنى بىلىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ تۇغۇلۇشىڭىز بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىڭىز ئارىلىقىدىكى بارلىق جەريان ۋە نەتىجە تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. ھېچكىم سىزنى ئەقلى ئىشلىمەس قىلىپ قويالمىغىنىدەك، ھېچكىممۇ سىزنى دۇنياغا مەشھۇر قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئۆزىڭىز ھەل قىلالايدىغان ئىشلارنى باشقىلارغا تايىنىپ ھەل قىلىپ ئادەتلىنىپ قالماڭ.

(5) سىز مەغلۇپمۇ بولۇپ تۇرىسىز. سىز باشقىلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالىسىز، لېكىن مەغلۇبىيەت سىزگە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلارنى غەلىبە ئۇچۇن ئۇل قىلىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئادەم ئاتىمىز مەغلۇپ بولۇپ يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، قايتىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پەيغەمبەر بولغان. يەنە شۇنىمۇ بىلىڭكى توغرا تاللاشنىڭ مەغلۇبىيىتى خاتا تاللاشنىڭ غەلىبىسىدىن سۆيۈملۈك.

(6) ئۆزىڭىز كونترول قىلىشقا كۈچىڭىز يەتمىگەن ئىشلارغا زورۇقماڭ. سىز ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. لېكىن سىز شەيئىلەرگە بولغان ئىنكاسىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىنسان ئۆز قۇدرىتى يېتىدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنغان.

(7) بۈگۈننى كۆپرەك ئويلاپ، ئەتىنى ئازراق ئويلاڭ، سىز قىلغان ئىشلارنى سىز ئۆزىڭىز پەرۋا قىلمىدىغان كىشىلەر بىلىسىلا بولدى. قالغان ئۇششاق ئىشلارغا ئۇنچە ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كەتمەڭ، پەقەت ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغانلا ئىشلار ئۇچۇن ۋاقتىڭىزنى كۆپرەك سەرپ قىلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىز پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزنى قىلساقلا بولىدۇ، چۈنكى نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپ تەييارلىقى بار، تىرىشچان ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدۇ.

(8) باشقىلار دائىم سىزدىن كۆپرەك ئېرىشىدۇ. باشقىلارنىڭ سىزدىن كۆپرەككە ئېرىشكىنىگە قاراپلا، ئۇلارنى ھەممىدىن رازىمىكىن دەپ ئويلىماڭ، مەلۇم بىر داڭلىق شەخسنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆرسىڭىزلا ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنىدىن بەكرەك، تارتقىنى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. سىز دىققىتىڭىزنى ياخشى كۆرۈشكە تىرىشىپ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرگىلا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

سەككىز تۈرلۈك ھايات ھەقىقىتى:

(1) ھايات تەشۋىشلىرىدىن غەم قىلمىغىنى — ئادەملەرنىڭ داناسى.

(2) ئەقلى كامىل بولغىنى — ئادەملەرنىڭ قۇدرەتلىكى.

(3) ئىچكۈچىنى يالىڭاچلايدىغان شاراب — شەھۋەت.

(4) ياققۇچىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت — ھەسەت.

(5) ھېچقاچان خاراب بولماس بىنا — ئادالەت.

(6) ئاخىرى شېرىن بولىدىغان ئاچچىق — سەۋر.

(7) ئاخىرى ئاچچىق بولىدىغان شېرىنلىك — ئالدىراڭغۇلۇق.

(8) داۋا تېپىلماس كېسەل — ئەخمەقلىق.

چوڭ مېڭە قورقىدىغان سەككىز ئىش:

(1) چوڭ مېڭە — ھورۇنلۇقتىن، مېڭە ئىشلەتمەسلىكتىن قورقىدۇ. چۈنكى، مېڭە ئىشلەتكەنسېرى سەزگۈر بولىدۇ.

(2) چوڭ مېڭە — قالايمىقان خىيال قىلىشتىن قورقىدۇ. چۈنكى مېڭىنى قالايمىقان ئىشلەتسە روھىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ.

(3) چوڭ مېڭە — ئەتىگەندە تاماق يېمەسلىكتىن قورقىدۇ. چۈنكى، ئەتىگەندە تاماق يېمىسە مېڭىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولمايدۇ. قىلغان ئىش، ئۆگىنىشنىڭمۇ ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ.

(4) چوڭ مېڭە — ئۇخلاش ۋاقتى تولۇق بولماسلىقتىن قورقىدۇ. چۈنكى، ئۇيقۇ تولۇق بولمىسا، ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئادەم ئاسان قېرىپ كېتىدۇ.

(5) چوڭ مېڭە — ئۇخلىغاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمەي ياندۇرۇپ قويۇشتىن قورقىدۇ. چۈنكى، چىراغ يورۇقىدا ئۇيقۇنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمايدۇ.

(6) چوڭ مېڭە — ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىدىن قورقىدۇ. چۈنكى ھاۋاسى بۇلغانغان مۇھىتتا بەزى زەھەرلىك گازلار ئادەم بەدىنىگە سۈمۈرۈلۈپ نېرۋا سىستېمىسىگە قارىتا زەھەرلەش تەسىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(7) چوڭ مېڭە — تاماكا چېكىشتىن، ھاراق ئىچىشتىن قورقىدۇ. چۈنكى، تاماكا چەكسە، ھاراق ئىچسە مېڭە زەخىمگە ئۇچرايدۇ.

(8) ئىچىدىغان سۇنىڭ پاكىز بولماسلىقىدىن قورقىدۇ.

ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان سەككىز ئىش:

(1) كىچىك ئىشلاردا ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ كىچىككىنە ئىشلار ئارقىلىق باشقىلارغا باھا بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

(2) پاراڭلاشقاندا ئۆزىنى نامايان قىلىشى كېرەك. چۈنكى، گەپ - سۆزلەرنى مەنتىقىگە ئۇيغۇن، يۇمۇرلۇق، جايىدا قىلغاندا باشقىلارغا ياخشى تەسىر بەرگىلى بولىدۇ.

(3) ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك، چۈنكى ھەل قىلغۇچ پەيت سىناق دېمەكتۇر. بۇ سىناقتىن چوقۇم ئۆتۈشىڭىز كېرەك.



(4) قارشى تەرەپكە بىلىندۈرمەستىن ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇنىڭدا قارشى تەرەپنىڭ رايىغا بېقىش، قارشى تەرەپنىڭمۇ قىزىقىشىنى، ئارزۇسىنى، شۇنىڭدەك كەمچىل تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىپ شۇ تەرەپلەردىن ياردەم سوراش كېرەك.

(5) باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئاساسىدا ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك.

(6) باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ياكى باشقىلارنى قوغداش ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك.

(7) قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە كۆيۈنىدىغان كىشى ئالدىدا ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك.

(8) تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە ئالدىدا ئۆزىنى نامايان قىلىش كېرەك.

سەككىز خىل كىشى بەختسىز بولۇپ، ياخشى دېگەن نامدىن يىراقتۇر:

(1) قورساق تويغۇزۇش مەقسىتىدە باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تەكلىپسىز بارغان كىشى.
(2) ئۆي ئىگىسىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىنى تەلەپ قىلغان مېھمان.
(3) ئولتۇرۇشتا تۆردە ئولتۇرۇشنى تالىشىپ، تۆردە ئولتۇر-غان ئادەملەر ئارىسىغا سىغدىلىپ كىرىۋالغان كىشى.
(4) ئاچ كۆز كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ھاجەتمەن بولۇپ بارغان كىشى.
(5) دۈشمەندىن مەدەت ۋە ياخشىلىق ئۈمىد قىلغان كىشى.
(6) بىرەر يەرگە بېرىپ شۇ بارغان يېرىدە خىجالەتچىلىك پەيدا قىلغان كىشى.
(7) غەيۋەتخور كىشىلەر.
(8) ئولتۇرۇشتا ھېچكىم گېپىگە قۇلاق سالمايۋاتقان بولسى-مۇ سۆزلەۋېرىدىغان كىشى.



## كىشىلىك ھاياتتىكى توققۇز چوڭ ئىش

ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك توققۇز ئىش:
(1) جاپا ۋە خۇشاللىقتا قانداق مۇئامىلە قىلىش — بەخت قارىشىنى سىنايدۇ.
(2) خاتىرجەملىك ۋە خېيىمخەتەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش — ھايات - مامات قارىشىنى سىنايدۇ.
(3) ئومۇملۇق ۋە شەخسىيەتچىلىككە قانداق مۇئامىلە قىلىش — ئەخلاق قارىشىنى سىنايدۇ.
(4) پايدا ۋە زىيانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش — قىممەت قارىشىنى سىنايدۇ.
(5) چىنلىق ۋە ساختىلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش — ئىلىم - پەن قارىشىنى سىنايدۇ.

(6) ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا قانداق مۇئامىلە قىلىش ــ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى سىنايدۇ.

(7) گۈزەللىك ۋە رەزىللىككە قانداق مۇئامىلە قىلىش ــ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى سىنايدۇ.

(8) ئائىلە ۋە دۆلەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ــ دۇنيا قارىشىنى سىنايدۇ.

(9) دوستلۇق ۋە مۇھەببەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش ــ قانداق ياشاش قارىشىنى سىنايدۇ.

شۇنى بىلىشكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى بەزى تۈپكى مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ـ ئوخشاش بولمىغان نىشانغا، ئوخشاش بولمىغان يولغا، ئوخشاش بولمىغان قىممەتكە، ئوخشاش بولمىغان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدىغان توققۇز ئىش:

(1) بىلىمسىزلىك؛ (2) ھۇرۇنلۇق؛ (3) ھەسەتخورلۇق؛ (4) تەكەببۇرلۇق؛ (5) خىيانەت؛ (6) تەمەخورلۇق؛ (7) غەزەپ؛ (8) ئىغۋاگەرچىلىك؛ (9) مۇناپىقلىق.

مۇھەببەتتە كىرىزىس پەيدا قىلىدىغان توققۇز خىل مىجەز:

(1) زىيادا نازۇكلۇق؛ (2) زىيادە زومىگەرلىك؛ (3) زىيادە رومانتىكلىق؛ (4) زىيادە بەتخەجلىك؛ (5) زىيادە كۆندەشلىك؛ (6) زىيادە سەۋرسىزلىك؛ (7) زىيادە سەزگۈرلۈك؛ (8) زىيادە جاھىللىق؛ (9) زىيادە سەمىمىيەتسىزلىك.

توققۇز ئىشنى خالىمىغان كىشى توققۇز ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك:

(1) پالاكەتكە ئۇچراشنى خالىمىغان كىشى ماختانچاق ۋە تەكەببۇر بولماسلىقى كېرەك.

(2) راھەتتە ياشاشنى خالايدىغان كىشى دىلىنى ھېرىستىن پاكلاش كېرەك.

(3) خار ـ زارلىقنى خالىمايدىغان كىشى تەمەخور بولماسلىقى

كېرەك.

(4) ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغىنىنى ئىزدىگەن كىشى باشقىلار-غا ياخشىلىق قىلىشى، ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىكى كېرەك.

(5) قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى ئىزدىگەن كىشى ھەممەتلىك بولۇشى كېرەك.

(6) ئىشلىرىنىڭ پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىشىنى خالىماي-دىغان كىشى ياخشىراق ئويلاپ، دانالار، دوستلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلىشى كېرەك.

(7) باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىمايدىغان كىشى ھالال، پىداكىرانە ئىشلەش كېرەك.

(8) كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە، ياقتۇرۇشىغا ئىگە بولماقچى بولغان كىشى يالغانچى، چېقىمچى، ئىغۋاگەر، تۇترۇقسىز سۆزلەر-نى قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(9) ئوڭايسىز ھالدا قالماي دېگەن كىشى كەلمىگەن ئامەت، يۇرۇشمىگەن ئىش ئۈچۈن پەرياد چەكمەي، سەۋر قىلىشنى، شۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشنى بىلىشى كېرەك. 46

توققۇز خىل كەيپىياتتىكى كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىـ-دىلىكى:

(1) سەمىمىيلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر. بۇنداقلار سىرتتىن قارىغاندا قەيسەر كۆرۈنىدۇ، لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر تەرىپى بولىدۇ، مىجەزى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

(2) تاشقى كۆرۈنۈشى دۇرۇستەك كۆرۈنىدىغان كىشىلەر. بۇنداقلار قارىماققا ئەستايىدىل، دۇرۇس كۆرۈنگەن بىلەن كۆپىنـ-چىسى نېرۋا مىجەز بولۇپ بۇنداق كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماق قىيىنغا چۈشىدۇ.

(3) قاتمال مىجەزلىك كىشىلەر. بۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، ئۆزىنى مەركەز قىلىپ سۆزلەشكە ئامراق

بولۇپ، ئالاقە قىلغاندا كېڭىشىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ئۆلارغا پايدا يەتكۈزگەن، گېپىنى ئاڭلاپ بەرگەن ياخشى.

(4) ھېسسىياتچان كىشىلەر. بۇنداقلار بىلەن قارىماققا يېقىنلاشقىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن سەمىمىي ئارىلىشىپ، كۆڭلىنى ئۇتقان ياخشى، ناۋادا ئۇ سىزنى ياقتۇرمىسا سۆزلەشكەننىڭ پايدىسى يوق.

(5) ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كىشىلەر. بۇنداقلار بىلەن ئوڭاي چىقىشقىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا خۇشامەت قىلىش، مېھمان قىلىش، يۈز ـ خاتىرە دېگەننىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمايدۇ. ئۇلار پۇلنى ئەڭ مۇھىم دەپ بىلىدۇ.

(6) مۇناسىۋەتشۇناس كىشىلەر. بۇنداقلار بىلەن قارشىلىشىشقا بولمايدۇ. قارشىلاشسىڭىز زىيان تارتىسىز. شۇڭا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش ئەڭ ياخشى چارە.

(7) تەرسا مىجەز كىشىلەر. بۇنداقلار بىلەن قارشىلىشىشقا بولمايدۇ. قارشىلاشسىڭىز زىيان تارتىسىز. شۇڭا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش ئەڭ ياخشى چارە.

(8) ئامىۋى مۇناسىۋەتكە ئامراق كىشىلەر. بۇنداقلار تولا كوتۇلدايدىغانلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ. كېڭەشكەندە گەپنى ئوچۇقلا دەۋېرىدۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئويۇن ئارقىلىق ئۇتقىلى بولىدۇ.

(9) جىمغۇر كىشىلەر. بۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆڭلىدىكىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەيدۇ. كۆڭلىگە ئىچكىرىلەپ كىرسىڭىز قارشىلىقتا ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. بىراق بۇنداقلارنى سوۋغا ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

—— «ئاياللار دۇنياسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

توققۇز خىل ياخشى تۇرمۇش ئادىتى:

(1) ھەر كۈنى 30 مىنۇت پىيادە يول يۈرۈڭ.

(2) ھەر كۈنى يەتتە سائەت ئۇخلاشقا، ئۇيقۇنىڭ سۈپەتلىك، تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.

(3) ھەر كۈنى ئاز بولغاندىمۇ 4 ~5 ئىستاكان (200 مىللىلىتىر) قايناق سۇ ئىچىڭ.

(4) زىيادە تويۇنۇپ غىزالىنىشتىن ساقلىنىڭ. يەنى، تاماق يېگەندە 70% ئەتراپىدا تويۇنۇشقا ئادەتلىنىڭ.

(5) روھىي كەيپىياتىڭىزنى ھەر ۋاقىت تەڭشەپ، تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈڭ، كىچىك ئىشلارغا چېچىلماڭ، مۇزىكا ئاڭلاش، گۈل پەرۋىش قىلىش، قۇش بېقىش، سەيلە قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق كەيپىياتىڭىزنى تۇراقلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

(6) نورمال بەدەن ئېغىرلىقىڭىزنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىڭ، يەنى بوي ئېگىزلىكىڭىزدىن 105 نى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى سانلىق مىقدار سىزنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك بەدەن ئېغىرلىقىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(7) ئەگەر سىز كۈن بويى ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلسىڭىز، ھەربىر سائەتتە بىر قېتىم ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىڭ.

(8) ئۈچ ۋاقلىق تاماقنىڭ قانۇنىيەتلىك، كۆپ خىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئادەتتە ناشتىلىقى ئوبدان، چۈشلۈك تاماقنى نورمال، كەچلىك تاماقنى ئازراق يەڭ، ھايۋانات مايلىرىنى ئازراق، ئۆسۈملۈك مايلىرىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىڭ، ھۆل ـ قۇرۇق مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ تۇرۇڭ.

(9) ھاراق، تاماكىدىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ، بولۇپمۇ ھاراق بىلەن تاماكىنى تەڭ ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئەگەر سىز تاماكىنى كۆپ چەكسىڭىز قايناق سۇنى كۆپرەك ئىچىپ تۇرۇڭ.

توققۇز بولۇش:

(1) ئۆرپ ـ ئادەتكە قارىتا ــ جەسۇر بولۇش؛ (2) قىيىنچىلىققا قارىتا ــ ئىرادىلىك بولۇش؛ (3) نادانلىققا قارىتا ــ بىلىملىك بولۇش؛ (4) ھۇرۇنلۇققا قارىتا ــ ئىشچان بولۇش؛

(5) ساختىلىقتا قارىتا ــ سەمىمىي بولۇش؛ (6) رەزىللىككە قارىتا ــ ئادىل بولۇش؛ (7) غەمكىنلىككە قارىتا ــ كەڭ قورساق بولۇش؛ (8) مۇھەببەتتىن ئايرىلغاندا ــ روھلۇق بولۇش؛ (9) ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ــ غەيرەتلىك بولۇش.

## ئىنسان ھاياتىدا بىلىشكە تېگىشلىك ئون ئىش

خۇش مۇئامىلىلىكنىڭ ئون بەلگىسى بار:

(1) ئىنساب؛ (2) ئەقىل ـ بىلىم؛ (3) مۇلايىملىق؛ (4) ئالىيـ جانابلىق؛ (5) گۈزەل خۇلق؛ (6) ياخشىلىق؛ (7) سەۋر؛ (8) شۈكۈر؛ (9) ياۋاشلىق؛ (10) راستچىللىق.

خۇشخۇيلۇقنىڭ ئون بەلگىسى بار:

(1) ياخشى ئىشلاردا جامائەتلەر بىلەن بىللە بولماق؛ (2) نەپسىنىڭ كويىغا كىرمەسلىك؛ (3) باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك؛ (4) باشقىلارنى ياخشى يولغا يېتەكلەش؛ (5) ئەپۇچان بولماق؛ (6) موھتاجلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقماق؛ (7) ئۆزىنىلا ئويلىماي باشقىلارنىمۇ ئويلاش؛ (8) ئۆز كەمچىلىكىنى بوينىغا ئالماق؛ (9) ئوچۇق چىراي بولماق؛ (10) خۇش مۇئامىلىلىك بولماقتىن ئىبارەت.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئون تۈرلۈك بەلگىسى:

(1) ياخشىلىق قىلىش؛ (2) ئىنسابلىق بولۇش؛ (3) باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدىمەسلىك؛ (4) ئازغانلارنى توغرا يولغا باشلاش؛ (5) ئۆزرىنى قوبۇل قىلىش؛ (6) باشقىلار ئۇچۇن مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئېلىش؛ (7) ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلىمەسلىك؛ (8) ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك بولۇش؛ (9) موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش؛ (10) مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇش.

كۆلۈشنىڭ ئون چوڭ پايدىسى:

(1) ئۆپكىنىڭ نەپەس ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ (2) نەپەس

يولىنى تازىلايدۇ؛ (3) نېرۋىنىڭ جىددىيلىشىشىنى پەسەيتىدۇ؛ (4) ساغلام ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ؛ (5) بۇلجۇڭ گۆشلەرنى بوشىتىدۇ؛ (6) ئارتۇق كۈچ ـ قۇۋۋەتنى تارقىتىدۇ؛ (7) ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىدۇ؛ (8) ھەرخىل روھىي بېسىمنى يەڭگىللىتىدۇ؛ (9) تارتىنىش، بىئاراملىق، موھتاجلىق ھېسسىياتىنى تۈگىتىدۇ؛ (10) بەختسىزلىكنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، كەلگۈسىگە ئىنتىلدۈرىدۇ.

ھەممە ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئون چوڭ ئىش:

(1) توغرا سۆزلەش ۋە توغرا ئىشلەش؛ (2) ھالال، پاك مېھنەت قىلىش؛ (3) ھەممىگە ئىنساپ ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش؛ (4) نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇشۇقچە بېرىلمەسلىك؛ (5) ئالىم، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇش؛ (6) چوڭلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجە كەلتۈرۈش؛ (7) كىچىكلەرگە شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇش؛ (8) چىن ۋە سەمىمىي دوستلۇق بولۇش. (9) موھتاجلارغا ياردەم بېرىش. (10) نادانلارغا نەسىھەت قىلىش.

ئادەمگە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدىغان ئون ئىش:

(1) ھايا؛ (2) مۇرۇۋۋەت؛ (3) تەۋەززۇ؛ (4) ئەمگەك؛ (5) سېخىيلىق؛ (6) ئامانەت؛ (7) ئادالەت؛ (8) مۇلايىملىق؛ (9) بىلىم؛ (10) شىجائەت.

ئادەمگە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئون ئىش:

(1) ھەسەت؛ (2) ئاداۋەت؛ (3) بېخىللىق؛ (4) تەكەببۇرلۇق؛ (5) يالغانچىلىق؛ (6) كەيپ ـ ساپا؛ (7) خىيانەت؛ (8) بىلىمسىزلىك؛ (9) ھۇرۇنلۇق؛ (10) سۇخەنچىلىك.

ئادەم قولدىن بېرىشكە بولمايدىغان ئون خىسلەت:

(1) توغرىلىق؛ (2) ئىنساب؛ (3) مۇلايىملىق؛ (4) ئالىملار، دوستلار بىلەن سۆھبەت؛ (5) ياشانغانلارغا ھۆرمەت؛ (6) كىچىكلەرگە شەپقەت؛ (7) قانائەتچانلىق؛ (8) ۋاپادارلىق؛ (9) ئىپپەت؛

(10) ئادالەت.

بەختلىك بولۇشنىڭ ئون رېتسېپى:

(1) تۇرمۇشتىن زارلانماڭ؛ (2) جىمجىت، تىنچ تۇرمۇشتىن يىراقلىشىڭ؛ (3) دوستلۇقتىن بەھر ئېلىڭ؛ (4) تىرىشىپ ئىشلەڭ؛ (5) يامان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ؛ (6) تۇرمۇشىڭىزدا مۇددىئايىڭىز بولسۇن؛ (7) تەرتىپلىك بولغان تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇڭ؛ (8) ئۆزىڭىزگە كۆچ ئاتا قىلىڭ؛ (9) ۋاقىتنى قەدىرلەڭ؛ (10) مېھنەتدارلىق تۇيغۇسىدا بولۇڭ.

بۇ ئون ئىشنى تەرك قىلساڭ بالادىن قۇتۇلىسەن:

(1) ئۆزۈڭدىن زور كىشى بىلەن ئۇرۇشما؛ (2) قوپال ۋە جاھىل كىشى بىلەن تالىشىپ ئولتۇرما؛ (3) ھەسەتخور بىلەن بىر مەجلىستە بولما؛ (4) نادان بىلەن مۇنازىرە قىلما؛ (5) سىناشمىغان كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ (6) يالغانچى كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ (7) بېخىل ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما؛ (8) ئاياللار بىلەن بىر يەردە كۆپ تۇرما؛ (9) قىزىققان ۋە رەشك قىلىدىغان كىشى بىلەن شاراب ئىچمە؛ (10) سىرىڭنى كىشىلەرگە ئېيتما.

ھاياتلىقتىكى ئون چوڭ بايلىق:

1. ئاكتىپ روھىي ھالەت. روھىي ھالەت — ئون چوڭ بايلىقنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. چۈنكى قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەلب ئادەمنىڭ ھاياتىنى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى كونترول قىلالايدىغان بولغاچقا مەيلى مەنىۋى جەھەتتىكى بايلىق بولسۇن، مەيلى ماددىي جەھەتتىكى بايلىق بولسۇن، ئۇ ئالدى بىلەن كىشىنىڭ قەلبىدىن باشلىنىدۇ.

2. ساغلام بەدەن. ساغلام بەدەن بىر خىل ساغلام ئاڭدىن كېلىدۇ. ئاكتىپ روھىي ھالەتنى ساقلاش، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېمەك ـ ئىچمەكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كېسەلدىن خالىي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئادەم ساغلام بولغاندىلا ئىش

قىلالايدۇ. بايلىق يارىتالايدۇ. ساغلام بەدەن ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسىدۇر.

3. ئىناق كىشىلىك هايات. ئىناقلىق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق. يەنە بىرى باشقىلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقتىن ئىبارەت. شەخس ئۇچۇن ئېتىقاندا ئىچكى ئىناقلىق بەرپا قىلىش، ئاكتىپ پىسخىك پوزىتسىيەسىنى ساقلاش، كىشىلىك هاياتتىكى نىشانلارنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇهىم. ئادەم جەمئىيەتتە ئۆزى يالغۇز ياشىمايدۇ. باشقىلار بىلەنمۇ ئىناق ئۆتمىگەندە هېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

4. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش. ئارزۇ ـ ئۈمىدلىك بولۇش ئەڭ ياخشى روهىي هالەت. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلار كەشپىياتلار، ئىجادىيەتلەر، نەتىجىلەر ئارزۇدىن كەلگەن. بىراق، كەلگۈسىگە نەزەر سالمىغاندا، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەندە ئادەم هېچبىر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇڭا ئارزۇ ـ ئۈمىدمۇ چوڭ بايلىقتۇر.

5. ئېتىقادنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى. ئېتىقاد بىر ئادەمنىڭ قەلب گۈلزارلىقىدىكى مۇنبەت تۇپراق. ئۇ هەربىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسىگە ئىجادىيەت، بايلىق يارىتىش ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ ۋە ئۇ ئۇرۇقتىن هوسۇل ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. ئېتىقاد ئادەمگە كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئادەمگە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىشقا سېلىش، ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ ياشاش يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى چوڭ بىر بايلىققا ئېرىشىدۇ.

6. بەختتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش. سىزنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلغىنىڭىز، باشقىلار ئۈچۈن ئىش قىلىپ بەرگىنىڭىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلغىنىڭىز ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئىش قىلغىنىڭىز بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۆز بەختىدىن باشقىلار بىلەن ئورتاق بولالمايدىغان كىشىلەر بەختنىڭ يولىنى مەڭگۈ

تاپالمايدۇ. سىزنىڭ باشقىلارنىڭ قەلبىدە قانچىلىك ئورنىڭىز بارلىقى سىزنىڭ باشقىلارغا قانچىلىك خىزمەت قىلغىنىڭىزغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا بەختتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشمۇ كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

7. ئېچىۋېتىلگەن قەلب. ئادەم بارلىق شەيئىلەرگە، بارلىق ئىشلارغا ئىلمىي، توغرا مۇئامىلە قىلىش، كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

قەلب ئېچىۋېتىلگەندە ئادەم ئەركىن بولىدۇ، ئەركىن پىكىر قىلالايدۇ، ئەركىن ئىش ـ ھەرىكەت قىلالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق بايلىققا ئېرىشكەنلىك بولىدۇ.

8. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش. ئۆزىنى ئىدارە قىلىش — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا قاراپ مېڭىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى. ئادەم ئۆزىنى ئىدارە قىلمىغاندا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. چەكلىمىگە ئۇچرىغاندا يەنە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.

9. باشقىلارنى چۈشىنىش. كىشىلىك ھاياتتا باشقىلارنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. باشقىلارنى چۈشىنىشكە ماھىر كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق كېلىدۇ. باشقىلارنى چۈشەنگەندىلا باشقىلارنىڭ غېمىنى يېگىلى بولىدۇ. باشقىلارنى چۈشەنگەندە، دوستلۇق ئورناتقىلى، ھەمكارلاشقىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ـ ھەمكارلىقمۇ كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

10. ئىقتىسادىي كاپالەت. بۇ دېگەنلىك كىشىلىك ھاياتتا ھەممە نەرسىگە پۇلغا تايىنىپ ئېرىشىش دېگەنلىك ئەمەس. ئىقتىساد بىر كىشىنىڭ مۇلازىمەت قىلىشى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. شۇڭا مۇلازىمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئەمەلىيەتتە بايلىققا ئېرىشكەنلىك بولىدۇ.

دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئون چوڭ ئىدىيە:

(1) دېھقانچىلىق؛ (2) يوشۇرۇن ئالڭ؛ (3) نىسپىيلىك نەزەرىيەسى؛ (4) ۋاكسىنا ئەملەش؛ (5) كىشىلىك ھوقۇق؛ (6) تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى؛ (7) ئىنتېرنېت تورى؛ (8) سوپۇن؛ (9) نۆل؛ (10) تارتىش كۈچى قانۇنى.

تۇرمۇشنى مۇنداق ئون جەھەتتىن چۈشىنىش كېرەك:

(1) تۇرمۇش ــ كەسكىن جەڭ. ئۇنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

(2) تۇرمۇش ــ سىزگە سۇنۇلغان سوۋغا. ئۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

(3) تۇرمۇش ــ ئاچچىق قايغۇ ـ ھەسرەت. ئۇنى بويسۇندۇرۇش كېرەك.

(4) تۇرمۇش ــ كەسكىن رىقابەت. ئۇنىڭدا ئۇتۇپ چىقىش كېرەك.

(5) تۇرمۇش بىر مەجبۇرىيەت، ئۇنى ئادا قىلىش كېرەك.

(6) تۇرمۇش ــ يېقىملىق بىر ناخشا. ئۇنى ئېيتىش كېرەك.

(7) تۇرمۇش ــ بىر مۇساپە. ئۇنى بېسىش كېرەك.

(8) تۇرمۇش ــ بىر ۋەدە. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

(9) تۇرمۇش ــ كۈرەش. ئۇنىڭدا غالىب كېلىش كېرەك.

(10) تۇرمۇش ــ ئۆگىنىش جەريانى. ئۇنىڭدا ئەلاچى بولۇش كېرەك.

هاياتلىقتا مۇنداق ئون تۈرلۈك «ئەڭ» بار:

(1) ئەڭ سەممىي تىلەك ــ سالامەتلىك.

(2) ئەڭ چوڭ غەلىبە ــ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش.

(3) ئەڭ ئۈنۈملۈك ھەرىكەت ــ تەپەككۇر ئېنىق، ھۆكۈم توغرا بولۇش.

(4) ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىق ــ ئۆزى ـ ئۆزىنى ئالداش.

(5) ئەڭ مەمنۇنىيەتلىك سەرگۈزەشتە ــ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداش.

(6) ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن كۈچ — ئاكتىپ ئىدىيە.
(7) ئەڭ ئېغىر گۇناھ — غەيۋەت قىلىش.
(8) ئەڭ خەتەرلىك ئادەم — يالغانچى.
(9) ئەڭ كۆلكىلىك مىجەز — ئۆزىنى ھەممىدىن چوڭ بىلىش.
(10) ئەڭ ئېچىنىشلىق زىيان — ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىش.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئون مىزان:
(1) بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە سۈرمەڭ.
(2) ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشقا باشقىلارنى ئاۋارە قىلماڭ.
(3) قولىڭىزدا يوق پۇلنى خەجلىمەڭ.
(4) ئەرزانكەن دەپ ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماڭ.
(5) ئاق نانچى بولماڭ (قولىڭىزدىن ئىش كېلىدىغان بولسۇن).
(6) مەغرۇرلانماڭ، مەغرۇرلۇق ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.
(7) ئىشنى ئىلاجىسىزلىقتىن قىلماڭ، پەقەت ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن زېرىكمەي ئىشلىگەندىلا ئاندىن تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ.
(8) يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئىشقا ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ.
(9) ئاچچىقىڭىز كەلگەن ۋاقىتتا ئونغىچە سانىۋېتىپ ئاندىن سۆزلەڭ، ئەگەر غەزىپىڭىز ئۆرلىسە يۈزگىچە سانىۋېتىپ ئاندىن سۆزلەڭ.
(10) ھەرقانداق ئىشتا ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىڭ.

ئىنسانغا پايدا بەرمەيدىغان ئون ئىش:
(1) سېزىمسىزلىك؛ (2) تەمەخورلۇق؛ (3) لەببەيچىلىك؛

(4) بىغەملىك؛ (5) راھەتپەرەسلىك؛ (6) قورقۇنچاقلىق؛ (7) روھىي غالىبىيەتچىلىك؛ (8) ئىچى قوتۇرلۇق؛ (9) پەسكەشلىك؛ (10) مىسكىنلىك.

ئائىلە كىرىزىسى پەيدا قىلىدىغان ئون خىل ئالامەت:

(1) قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدا تەقى - تۇرقىڭىز، گەپ - سۆزلىرىڭىزگە دىققەت قىلمايدىغان بولۇپ قالسىڭىز.

(2) ئىلگىرىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى تىلغا ئالمايدىغان بولۇپ قالسىڭىز.

(3) ئاراڭلاردا ئورتاق قىزىقىش ۋە ئورتاق دوست بولمىسا.

(4) خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇپ مۇڭداشمىساڭلار.

(5) دوستىڭىزغا ئېيتىدىغان سىرلىرىڭىز قارشى تەرەپكە ئېيتىدىغان سىرلىرىڭىزدىن كۆپ بولۇپ كەتسە.

(6) قارشى تەرەپكە نىسبەتەن تەلپۈنۈشىڭىز سۇسلىشىپ كەتسە.

(7) ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشايدىغانلىقىڭىزغا كۆزىڭىز يەتمىسە.

(8) جىنسىي تۇرمۇشىڭىزدىن ھۇزۇر ھېس قىلمىسىڭىز.

(9) ئۆيگە قايتقىڭىز كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا.

(10) تولا جاڭجاللاشسىڭىز.

دوستلۇقنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئون خىل ئادەت:

(1) ھەددىدىن زىيادە ئۆزىنى كۆرسىتىش، گەپ - سۆزگە دىققەت قىلماي غورۇرىغا تېگىش؛ (2) ھەددىدىن زىيادە چېچىلاڭ-غولۇق، قائىدە - يوسۇنغا دىققەت قىلماسلىق؛ (3) ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ باشقىلار بىلەن بەسلىشىش؛ (4) خالىغانچە گېپىدىن يېنىۋېلىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق؛ (5) پۇرسەتپەرەسلىك؛ (6) ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىيەلمەسلىك؛ (7) بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشقا ئۇرۇنۇش؛ (8) ھەددىدىن زىيادە پىخسىق بولۇش؛ (9) دوستىنىڭ ۋاقتىنى ئېلىش؛ (10) باشقىلارنىڭ

گېپىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاش.

سەن قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئون خىل كىشى:

(1) ئۆزۈڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان ئادىمىڭنى ئۇچراتقاندا، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈش پۇرستى كەلگەنگە قەدەر.

(2) ئۆزۈڭ ئىشىنىدىغان دوستۇڭنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت باغلىغانغا قەدەر.

(3) ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان ئادىمىڭنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت باغلىغانغا قەدەر.

(4) ئىلگىرى سەن ياخشى كۆرگەن كىشىگە يولۇققان ۋاقتىڭدا، ئۇنى قەدىرلەشنى بىل. چۈنكى ئۇ ساڭا ياخشى كۆرۈش-نىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرگەن.

(5) ئىلگىرى سەن نەپرەتلىنىدىغان كىشىگە يولۇققاندا، ئۇنى قەدىرلەشنى بىل. ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ سالام بەر، چۈنكى ئۇ بولغاچقىلا سەن تېخىمۇ قەيسەر بولالىغان.

(6) ساڭا ساتقىنلىق قىلغان كىشىگە يولۇققاندا، ئۇنى قەدىر-لەشنى بىل. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى پاراڭلاش. چۈنكى ئۇ ساڭا بۇ دۇنيانىڭ قانداقلىقىنى بىلدۈرگەن.

(7) ئىلگىرى سەن يوشۇرۇن ياخشى كۆرگەن كىشىگە يولۇق-قاندا، قەدىرلەشنى بىل. ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلە. چۈنكى سەن ئۇنى ياخشى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۇنى بەختلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلمامسەن.

(8) سەندىن تۇيۇقسىز ئايرىلغان كىشىگە يولۇققاندا، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيت، قەدىرلەشنى بىل. چۈنكى ئۇ سېنىڭ ئەسلىمەڭنىڭ بىر قىسمى.

(9) سەن بىلەن ئوقۇشماسلىق بولغانلار بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇشماسلىقنى يوقات. چۈنكى سېنىڭ بەلكىم بىر قېتىملا ئۇچرىشىش پۇرسىتىڭ بولۇشى مۇمكىن.

(10) سەن بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتكەن كىشىنى قەدىرلەشنى بىل. ئۇنىڭ سېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىغا رەھمەت ئېيت. چۈنكى سىلەر ھەقىقىي بەختكە، چىن مۇھەببەتكە ئېرىشتىڭلار.

ھاياتىڭىزدا ئويلاشقا بولمايدىغان ئون خىل ئىش:

(1) ئۆزۈم ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادەمنى تاپقاندا ئاندىن بەدەل تۆلەيمەن دەپ ئويلىما.

كىشىلىك ھايات بىر ئويۇنغا ئوخشايدۇ، سەن بەلكىم شۇ ئويۇننى ئويناپ تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، مۇنداق بىر گەپ بار: — ھەرىكەت قىلىدىغان چاغدا ھەرىكەت قىل، چۈنكى بەخت سېنىڭ ئالدىڭدا. سەن بەدەل تۆلىگەن چېغىڭدا، مۇھەببەت سېنىڭ يېنىڭدىن خۇددى شامالدەك يۈزۈڭنى سىلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ساڭا قالىدىغىنى: پۇشايمان، ئەپسۇسلىنىش.

(2) يالغۇز قالغان ۋاقتىڭدىلا ئاندىن دوستۇڭنى ئويلىما.

دوست دېگەن نېمە؟ ھەقىقىي دوست مەڭگۈ سەندىن ۋاز كەچمەيدۇ. دوست تاپماق ئاسان، بىراق ياخشى دوست تاپماق تەس، سەن يالغۇز قالغاندا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ياكى كۆڭلۈڭدە باشقىلارغا دېيەلمىگەن گەپلىرىڭ بولسا، دوستۇڭ سېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشىڭ بولالايدۇ. دۈشمىنىڭ بولسا كۈلىدۇ. دوستۇڭ بولسا سېنىڭ ھالىڭغا يېتىدۇ، ساڭا مەدەت، ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ.

(3) ياخشى خىزمەت بولغاندىلا ئاندىن تىرىشىمەن دەپ ئويلىما.

ئېسىڭدە بولسۇن، ياخشى خىزمەت سېنى ئىزدىمەيدۇ، سەن ئۆزۈڭنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ياخشى خىزمەتنى تاپىسەن. ئاددىي ئىش ئورنىدىمۇ ئويلاپ باقمىغان مۆجىزىلەر يۈز بېرىدۇ. پەقەت سەن تىرىشساڭلا، ئەستايىدىل بولساڭلا، باشقىلار بىلەن پو ئېتىشتا بەسلەشمە، ئەمگىكىڭ ئارقىلىق نەتىجە يارىتىشتا بەسلەش.

(4) مەغلۇپ بولغاندىلا ئاندىن ئەقىل تاپىمەن دەپ ئويلىما.

ئاچچىق دورا كېسەلگە شىپا. بىراق كېسەل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالالىساڭ تېخىمۇ ياخشى. سەن ئۆزۈڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق ئەقىل تاپماي، ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ساۋاق ئېلىپ، ھەر ئىش قىلغاندا ئېھتىياتچان بول. باشقىلارنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاپ قوي، پايدىسى تېگىدۇ.

(5) ئاغرىپ قالغاندىلا ئۆزۈڭنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئويلىما.

ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك بولىدۇ ھەممە ئادەم ئوخشاشلا ئاجىز، بەلكى بىر چۈمۈلە سېنىڭ پۇتۇڭ ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن سەن بۇنى سېزەلمەيسەن. ساق ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭگە زىيانلىق نەرسىلەردىن، ئىشلاردىن يىراق تۇر. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن...

(6) ئايرىلىپ كەتكەندىلا ئاندىن قەدىرلىسەم بوپتىكەن دەپ ئويلىما.

نېمىشقا ھەممە ئادەم ئايرىلىپ كەتكەندىلا ئاندىن قەدىرلەشنىڭ لازىملىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئادەم مۇكەممەل ئەمەس. باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىش، باشقىلارغا يول قويۇش ئۆزىگىمۇ يول قويغانلىق، ئۆزىنىمۇ كەچۈرگەنلىك، ھەممە ئىشنى ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن باشلا.

(7) باشقىلار مېنى تەقدىرلىگەندىلا ئاندىن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن دەپ ئويلىما. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى. باشقىلارنىڭ سېنى تەقدىرلىگەندە سەن ئاللىبۇرۇن كېچىككەن بولىسەن، ھايات تولىمۇ قىسقا.

(8) باشقىلار سېنى خاتالاشتىڭ، دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭنى خاتالاشمىدىم، دەپ ئويلىما.

ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنىڭ خاتالاشقىنىڭنى بوينۇڭغا ئالساڭ باشقىلار سېنى مەسخىرە قىلمايدۇ، ئەكسىچە سېنى ھۆرمەتلەيدۇ.

چۈنكى، ھەممە ئادەمنىڭ خاتالىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، مۇھىمى ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلىش.

(9) باشقىلار ماڭا يالۋۇرغاندا ئاندىن بېرىپ قۇتقۇزىمەن، دەپ ئويلىما.

باشقىلارغا ياردەم بېرىش ياخشى ئىش. يۈز ـ ئابرۇي ئۈچۈن ئەمەس. سەن باشقىلارغا ياردەم قىلمىساڭ، باشقىلارمۇ ساڭا ياردەم قىلىشى ناتايىن. ياردەم قىلسىمۇ، بۇ ياردەم سېنىڭ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن.

(10) ئۆلۈش ئىنتايىن رەڭدار بولىدۇ. تۇرمۇش بىر ئېقىن دەرياغا ئوخشايدۇ، باش ـ ئاخىرى يوق، چەك ـ چېگراسىز، بىراق بۇ سۇدا ئۈزمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس...

ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئون ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ:

(1) قاپىقىڭىزنى تۈرۈۋېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىراي بەئەينى باھار ئاپتىپىغا ئوخشايدۇ. تەبەسسۇم كىشىگە خۇشاللىق بەخش ئەتسە، مۇز تەلەت كىشىنى بىزار قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر خۇددى بىرسىدە قەرزى باردەك، ھەمىشە قاپىقىنى ئاچماي يۈرىدۇ. كىشىلەر بۇنداق كىشىلەرنى كۆرگەندە، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئالدىرايدۇكى، ھەرگىز ئالاقە قىلىشنى خالىمايدۇ.

(2) سالاپىتىڭىزنى يوقىتىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا قاپىقىڭىزنى تۈرۈۋېلىپ، كىشىلەرنى قاچۇرۇپ قويۇشنىمۇ، ھە دېسە ئورۇنسىز كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ، كىشىلەرگە «ئەجەپمۇ شاللاقكەن» دەيدىغان تۇيغۇ بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ. بەزى ئادەملەر ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق. ئۇلار مۇشۇنداق قىلسام باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قارىتىپ، ھەۋىسىنى قوزغىيالايمەن، دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

(3) ئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. مەن بىلەن

مىجەزى ئوخشىمايدىكەن، سالاھىيىتىمىزمۇ تەڭ كەلمەيدىكەن دەپ، باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىقلاردىن ساقلىنىنىڭ.

(4) ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋې-لىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدىن ھە دېسىلا ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ، باشقىلارنىڭ گېپىنى رەت قىلماڭ. ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۆزد-ڭىزنى بېسىۋالماي ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرمەڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز كىشىلەردە يامان تەسىر بېرىپ قويىسىز.

(5) باشقىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئېچىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىجتىمائىي سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ھەرگىز ئاشكارىلىماڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز، نۇقسانلىرى ئاشكارىلانغان ئادەم قېيىن ئەھۋالدا قېلىپ سىزدىن ئاغرىنغاندىن سىرت، شۇ سورۇندا ئولتۇرغان دوست ـ بۇرادەرلەرمۇ سىزدىن نارازى بولىدۇ.

(6) بىلەرمەنلىك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىجتىمائىي سورۇنلاردا ھە دەپ بىلەرمەنلىك قىلسىڭىز، ئاغزىڭىزدىن باشقىلارغا تېگىپ كېتىدىغان گەپ ـ سۆزلەر چىقىپ كېتىپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولىدۇ، ھەتتا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ.

(7) قارا كۆڭۈللۈك قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىجتىمائىي ئالاقە تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت، بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سەمىمىي، تەڭ باراۋەر، دوستانە مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(8) يەڭگىللىك بىلەن ئىش كۆرۈشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا قارشى تەرەپنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپلا، تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ مۇڭدىشىپ، ئىچ ـ باغرىنى تۆكۈۋېتىش ئىنتايىن زىيانلىق. بۇ كۆپ ھاللاردا يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(9) كىيىم ـ كېچەكلىرىڭىزنىڭ رەتسىز بولـۇشىدىن هـەزەر ئـەيلەڭ. ئـىجتىمـائىي ئالاقـە سورۇنلىـرىدا رەتلىـك، پاكىز يـارد ـ شىملىق كىيىنىڭ. بۇ مەلۇم دەرىجىدە سىزنىڭ تەربىيە كۆرگـەن، مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەيدۇ.

(10) بەزىلەر بىلەن بەك قىزغىن بولـۇپ كېتىـپ، بەزىلەرنـى ئېتىبارسىـز قالدۇرۇشتىن هەزەر ئـەيلەڭ. ئـىجتىمـائىي ئـالاقـە سورۇنلىرىدا بەزىلەر تونۇشلىرى بىلەن بىر توپ بولـۇۋېلىپ، هـە دەپ، كۈلكە ـ پـاراڭ قىلىـشىپ، شۇ سـورۇندا ئولتـۇرغان باشـقا كىشىلـەرنى ئېسىـدىن چىقىرىپ قـويىدۇ، بـۇمـۇ ياخشـى ئـادەت ئەمەس.

قىرىق ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بېسىشقا تېگىشلىك ئـون قەدەم:

(1) ئادەم قىرىق ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۆزى شۇغـۇللىنىـ ـدىغان كەسپىي بىلىملەرنى تولۇق ئۆگىنىشى كېرەك.

(2) ئارتۇقچىلىق ۋە قىزىقىش ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق تونـۇپ ئۆزىنىڭ هۇجۇم نىشانىنى بېكىتىش كېرەك.

(3) ئۆزىنى بىلىش يەنى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىنى تۈگـ ـتىپ، ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان خىزمەتنى تېپىپ ئىشلەش كېرەك.

(4) خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلـۇب يارىتىـپ، ئىجادچانلىققا باي بولۇش كېرەك.

(5) ئائىلە ئىشىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنىڭ نورمال مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنى يارىتىش كېرەك. ئىناق، بەختلىك بىر ئائىلە بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىدە، ئىجادىيىتىدە، ئۇتۇق قازىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(6) ئۆز ئىشلىرىغا ياردىمى بولىدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە تورى بەرپا قىلىش كېرەك.

(7) كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە ئىقتىساد توپلاپ قويۇش كېرەك.

(8) ئادەم ئىشلىتىش ۋە ئادەم تاللاش جەھەتتە مۇئەييەن دەرىجىدىكى تەشكىللەش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك.

(9) مۇۋاپىق پەيتتە سوكۇتتە تۇرۇشنى، بەزىبىر كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يولۇققاندا ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلىۋېلىشى كېرەك.

(10) سەممىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىپ قويۇشى كېرەك.

## كىشىلىك ھاياتتىكى 11 چوڭ ئىش

ھاياتىڭىزدا كېيىن ھېس قىلىدىغان 11 ئىش:

(1) بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ، ئەمما ئۇ سېنى ياخشى كۆرمىسە، بۇ قاتتىق ئازاب، ئەمما بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق تېخىمۇ ئازاب.

(2) مۇھەببەت تەبەسسۇم بىلەن باشلىنىپ، سۆيۈش بىلەن يېتىلىپ، كۆز يېشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، سەن تۇغۇلغاندا يىغلايسەن، ئەتراپىڭدىكىلەر كۈلىدۇ، ھاياتىڭ ئاخىرلىشىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغىنىڭدا سەن كۈلىسەن، ئەتراپىڭدىكىلەر يىغلايدۇ.

(3) ئەڭ يېقىن دوستۇڭ سىلەر ئايۋاندا ئولتۇرغاندا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ. ئەمما سىلەر ئايرىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى قىزغىن سۆزلەشكىنىڭلارنى ھېس قىلىسەن.

(4) بىز ھەقىقەتەن بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزىمىزدە بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

(5) بىر مىنۇتتا بىر ئادەمگە يولۇقسەن، ئەمما بەزى ئىشلارغا يولۇققاندا خاتا، بىر كۈندە بىر ئادەمگە كۆيۈپ قالىسەن،

ئەمما بەزى ئىشلارغا يولۇققاندا خاتا ئۆتكۈزۈۋەتتۇقمۇ، دىققەت قىلدۇقمۇ؟

(6) تاشقى گۈزەللىكنى قوغلاشما، ئۇ ئادەم ئالدايدۇ. بايلىقنى قوغلاشما، ئۇمۇ تۈگەيدۇ. سېنى كۈلدۈرەلەيدىغان ئادەمنى قوغلاش، چۈنكى كۈلكە ئىللىق قۇياش نۇرىغا ئوخشاش، قاراڭغۇ كۈنلۈكنى پاللىدە يورۇتىدۇ.

(7) ئۆزۈڭنىڭ خىيالىنى سۈرۈۋەر، بارماقچى بولغان يېرىڭگە بېرىۋەر، قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى قىلىۋەر، چۈنكى هايات بىر قېتىملا كېلىدۇ. پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ.

(8) مەڭگۈ باشقا بىر ئاياغنى كىيىپ بېقىشقا ئىنتىل، ئەگەر سەن كىيگەن ئاياغ پۇتۇڭنى قىسىسا، باشقىلارنىڭمۇ پۇتىنى قىستىشى مۇمكىن.

(9) غەرەزسىز ئېيتىلغان بىر ئېغىز گەپ جېدەل ـ ماجرانى ئۇلغايتىۋېتىشى مۇمكىن، قاباھەتلىك بىر ئېغىز گەپ هاياتنى نابۇت قىلىشى مۇمكىن، ۋاقتىدا دېيىلگەن بىر ئېغىز گەپ جىددىيچىلىكنى پەسەيتىشى مۇمكىن، دانالىق بىلەن ئېيتىلغان بىر ئېغىز گەپ جاراھەتنى داۋالاپ، باشقىلارغا بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

(10) ساڭا نىسبەتەن نۇرغۇن ئادەمدەك بىلىنگەن بىرلا ئادەمـ نى ئۇچرىتىشىڭ هاياتىڭدىكى ئەڭ قايغۇلۇق ئىش. ئەمما سەن بۇنى كېيىن بايقايسەن، بۇ چاغدا سەن ئارقاڭغا يېنىشقا ئامالسىز، پەقەت تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىسەن.

(11) بۇ گەپلەرنى قەلب خاتىرەڭگە ئوبدان پۈتۈپ، تۇرمۇشتا ئازراق ئىلهامغا موهتاج بولغىنىڭدا قاراپ باققىن، هايات قىممەتـ لىك، ۋاقتىڭنى ئېقىن سۇدەك بىهۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمە.

بىل گەيتىسنىڭ 11 پىرىنسىپى:

بىل گايتىس دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مىكرو سوفت كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ باي ئادەم بولۇپلا

قالماي ئەڭ شۆھرەت قازانغان ئادەم. ئۇ مۇنداق 11 پىرىنسىپقا تايىنىپ باي بولغان ۋە دۇنياغا تونۇلغان.

(1) پىرىنسىپ: تۇرمۇشقا ماسلىشىش.

(2) پىرىنسىپ: مۇۋەپپەقىيەت سىزنىڭ خاراكتېر كاپالەتىڭىز.

(3) پىرىنسىپ: ئەمگەك قىلماي ئېرىشىش تاماسىدا بولماسلىق.

(4) پىرىنسىپ: ئىنتىزامغا ئادەتلىنىش.

(5) پىرىنسىپ: كىچىك ئىشلارغا سەل قارىماسلىق.

(6) پىرىنسىپ: خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش.

(7) پىرىنسىپ: ھەممە ئىش ئۆزىڭىزنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشىڭىزگە باغلىق.

(8) پىرىنسىپ: سىزنىڭ پەقەت بىر قېتىملىق پۇرسىتىڭىز بولىدۇ:

(9) پىرىنسىپ: ۋاقىت سىزنىڭ قولىڭىزدا.

(10) پىرىنسىپ: قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىش.

(11) پىرىنسىپ: ئەتراپىڭىزدىكى ھەممە ئادەمگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش.



## كىشىلىك ھاياتتىكى 12 چوڭ ئىش

ئادەم ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك 12 خىسلەت:

(1) ئەجىر ئىگىسى بولۇش؛ (2) سوكۇت ساقلاش؛ (3) ئىنتىزاملىق بولۇش؛ (4) تېجەشلىك بولۇش؛ (5) تىرىشچان، غەيرەتلىك بولۇش؛ (6) مۆتىدىل بولۇش؛ (7) پاكىز بولۇش؛ (8) ئەدەپلىك بولۇش؛ (9) شجائەت ئىگىسى بولۇش؛ (10) مۇلايىم بولۇش؛ (11) ئېغىر ـ بېسىق بولۇش؛ (12)تەۋەززۇلۇق بولۇش.

باشقىلار ۋە ئۆزىمىز توغرىسىدا 12 تۈرلۈك ھەق گەپ:

(1) باشقىلار ئۆزىنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەرىكىتى ياكى قىزىقىشىدا

چىلاڭ تۇرسا، بىز ئۇنى جاھىللىق قىلىۋاتىدۇ دەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغاندا بولسا بۇنى ئىرادىمىزنىڭ مۇستەھكەملىكى دەيمىز. (2) باشقىلار بىزنىڭ دوستىمىزنى ياقتۇرمىسا بىز ئۇنى بىر تەرەپلىمە قاراش دەيمىز. ئۆزىمىز باشقىلارنىڭ دوستىنى ياقتۇرمىغاندا بولسا، بۇ دېگەن باشقىلارنى چۈشىنىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ دەيمىز. (3) باشقىلار ئىشنى ئاستا قىلسا بىز ئۇنى تاشپاقىنىڭ ئۆمىلىشىگە ئوخشىتىمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغاندا بولسا بۇ دېگەن يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى دەيمىز. (4) باشقىلار يېڭى ئاپتوموبىل سېتىۋالسا، بىز ئۇنى شۆھرەتپەرەسلىك قىلىۋاتىدۇ دەيمىز. ئۆزىمىز سېتىۋالساق بۇ دېگەن ئېھتىياج دەيمىز. (5) باشقىلار قولاقىا ياقمايدىغان پاكىتلارنى سۆزلىگەندە بىز ئۇلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت كەمچىل دەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغاندا بولسا مەن سەممىيلىكنى چىقىش قىلىپ شۇنداق دەۋاتىمەن دەيمىز. (6) باشقىلار سىزگە سالام قىلمىسا ئۇلارنى تەكەببۇر دەپ ئەيىبلەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغان بولساق كۆرمەي قاپتىمەن دەيمىز. (7) باشقىلار مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىسا ئۇلارنى مەسئۇلىيەتسىز دەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغان بولساق نۇرغۇن باھانىلەرنى كۆرسىتىمىز. (8) باشقىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا بىز ئۇنى تېگىشلىك جازاسى دەيمىز. ئۆزىمىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بولسا بۇ مەن ئۈچۈن سىناق دەيمىز. (9) باشقىلار خىزمەت قىلماي ئولتۇرسا بىز ئۇلارنى بىكارچى دەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلساق قىلغۇدەك ئىش يوق بىكار ئولتۇردۇم دەيمىز. (10) باشقىلارنىڭ پۇلى يېتىشمەي قالغاندا بىز ئۇلارنى پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدۇ دەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ پۇلى كەملەپ قالغاندا بولسا پۇلنى يەتكۈدەك تاپالماي قالدىم دەيمىز. (11) باشقىلار خىرىسنى قوبۇل قىلمىسا بىز ئۇلارنى توخۇ يۈرەك دەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغان بولساق مەندە ئۇنچىلىك ئىقتىدار يوق دەيمىز. (12) باشقىلار بىرەر

ئىشتىن قاقشىسا بىز ئۇلارنى ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇيغۇسى بەك كۈچلۈك دەيمىز. ئۆزىمىز شۇنداق قىلغان بولساق مەن دېگەن ھەققانىيەتنى ياقلاۋاتىمەن دەيمىز.

ئايرىم كىشىلەردىكى 12 تۈرلۈك ئەدەپسىزلىك:

(1) باشقىلارنىڭ غۇرۇرى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تېگىدىغان لەتىپە ـ يۇمۇرلارنى سۆزلەش. (2) ئاممىۋى سورۇنلاردا، بولۇپمۇ بالىلار بار سورۇنلاردا ئەپسانە گەپلەرنى قىلىش. (3) يانفون ياكى تېلېفون بىلەن سۆزلەشكەندە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش. (4) مال ساتقۇچى، ئاشخانا مۇلازىمى ياكى باشقا مۇلازىملارغا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىش. (5) بالىلارنىڭ ئاشخانا، تاللا بازىرى، تىياتىرخانا ھەم باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا قالايمىقان چېپىپ يۈرۈشى ياكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىغا يول قويۇش. (6) ماشىنا توختىتىشقا بولمايدىغان جايلارغا ماشىنا توختىتىش، قاتناش بەلگىلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىق. (7) بالىسى ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقاندا ئۆز بالىسىغا توغرا مۇئامىلە قىلمىدى دەپ قاراپ رېپىرى، تىرېنېر ياكى باشقا ماھىرلارنى تىللاش. (8) پىيادىلەر يولىغا كەلسە ـ كەلمەس تۈكۈرۈش، ئەخلەت تاشلاش. (9) ئاممىۋى قاتناش ئەسلىھەلىرىدە ياشانغانلار، ھامىلدارلار ياكى مېيىپلارنى، كۆرگەندە ئورۇن بوشىتىپ بەرمەسلىك. (10) كىشىلەر توپى ئارىسىدىن خالىغانچە كېسىپ ئۆتۈش، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدىغان، كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئويلاشماي، كانكى تېپىلىش، ۋېلىسىپىت مىنىش ياكى بوۋاقلار ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ مېڭىش. (11) سودا سارايلىرىدا پۇل تۆلەۋاتقاندا ئۆچرەتكە قىستىلىپ كىرىۋېلىش ياكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا باشقىلار ماشىنىسىنى توختىتىشقا تەييارلاپ قويغان يەرگە ماشىنا توختىتىۋېلىش. (12) ئۆيدە تاماكا چەكمەيدىغانلار بار ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي تاماكا چېكىش.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى 12 پىرىنسىپ:

(1) ئۆز ئارزۇيىڭىزدىكى تۇرمۇشىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ ھەمدە ئۇنى ئۆز نىشانىڭىز قىلىپ تۇرغۇزۇۋېلىڭ. (2) ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىنى بايقىۋېلىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئۆزىڭىز مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەپ بىلىڭ. (3) ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن زېھنىڭىزنى، ئىسسىق قېنىڭىزنى، ھەتتا بارلىقىڭىزنى بېغىشلاڭ. ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن خۇشاللىقىڭىز ۋە مەمنۇنىيىتىڭىز سىزگە تېخىمۇ چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىغۇسى. (4) ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىڭىزنى بىلىۋېلىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېنىق بىر نىشان تۇرغۇزۇپ، مۇشۇ نىشانىڭىز ئۈچۈن بىر ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈۋېلىڭ. ئۆز قىزغىنلىقىڭىزنى مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ، تۈنجى تەدبىرىڭىزدىن باشلاپ قول سېلىپ، ئۆز نىشانىڭىزغا قاراپ ئاتلىنىڭ. (5) قانداق قىلغاندا ئېنىق بىر نىشان يەنى يەككە، مەركەزلىك نىشان بىلەن مۇستەقىل، ئۆزگىچە پوزىتسىيەنى بىرلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ۋايىغا يەتسۇن. ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن نوقۇل ھالدا نەتىجىسىگىلا تىكىلىۋېلىپ، ئاشۇ نەتىجىنى ئۆزىڭىزگە يۈك قىلىۋالماڭ. ئاشۇ ئېنىق بولغان نىشانىڭىز ئارقىلىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرقى تۇرمۇشىڭىزدىكى خۇشاللىقىڭىز ۋە نەتىجىلىرىڭىزدىن بەھرىلىنىشنى ئۇنۇتماڭ. (6) تۇسالغۇلار ۋە ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەتلىرىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىڭ، مەغلۇبىيەتلىرىڭىز سىزنى ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق بولغان تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە قىلغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىزنى ھايات مۇساپىڭىزدە ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈ-

رەلەيدۇ. (7) ئۆز كەسپىڭىزدىكى مۇتەخەسسىسلەرگە ئايلىنىڭ. ئۆز ئىقتىدار ۋە بىلىمىڭىزنى ئۇزۇكسىز تۇردە يۇقىرى كۆتۈرۈڭ. چۈنكى تەربىيەلەشنىڭ چېكى بولمايدۇ. (8) باشقىلار مۇمكىن بولمايدۇ دېگەن ئىشلاردىن مۇمكىنىيەتنى بايقاشنى بىلىڭ. ئۆزدە-ڭىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئاشۇرۇڭ. چۈنكى دۇنيا چەكسىز مۇمكىنىيەتلەرگە تولغان. (9) ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان خىزمەت رېتىمىنى بايقاپ، ئۆزىڭىزنى ئىدارە قىلىشنى بىلىڭ. (10) قەتئىي بوشاشماڭ. چۈنكى بىردىنبىر مەغلۇبىيەت دەل ۋاز كېچىشتۇر. (11) جاۋاب قايتۇرۇشنى ۋە مىننەتدار بولۇشنى بىلىڭ. ھېچبول-مىغاندا كىرىمىڭىزنىڭ ئوندىن بىرىنى بولسىمۇ جەمئىيەتكە قايتۇرۇڭ. كېيىنچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانسېرى مىقدارىنى ئاشۇ-رۇڭ. قايتۇرغىنىڭىز قانچە كۆپ بولسا، ئېرىشىدىغىنىڭىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ بىر يىمىرىلمەس ھەقىقەت. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزدە جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت بار. (12) ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشىڭىزنى ھازىردىن باشلاڭ. ئۇزۇكسىز ھالدا ئۆزىڭىزگە: «ھەر كۈنى ماڭغان ھەربىر يولۇمدا ياخشىلىنىش بولۇۋاتىدۇ» دەپ تۇرۇڭ.

ئىنسان ھاياتىدىكى 12 ئەڭ:

(1) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ يوقىتىش — ئۈمىدسىز-لىنىش. (2) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ دەرد — ھەسەت-خورلۇق. (3) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت — مەنمەن-لىك. (4) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ قەرز — ئادەمگەرچىلىك قەرزى. (5) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قايىل بولىدىغان ئىش — ئالغا ئىلگىرىلەش. (6) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ نادانلىق — ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداش. (7) ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمى-نى — شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى. (8) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بايلىق — تەن ساقلىق. (9) ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشال-

لىق — تۆھپە قوشۇش. (10) ئىنسان هاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خاتا-لىق — ۋاز كېچىش. (11) ئىنسان هاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا — ئەپۇ قىلىش. (12) ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك خىسلە-تى — سەمىمىيلىك.

## كىشىلىك هاياتتىكى 13 چوڭ ئىش

ئادەمدىكى 13 خىل ئېسىل پەزىلەت:

(1) نەپسىنى يىغىش، بۇ تاماقنى بەك كۆپ يېمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. (2) كەم سۆز بولۇش. بۇ قىلغان گەپنىڭ باشقىلار-غىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ پايدىسى بولۇشنى، پايدىسىز سۆزلىمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. (3) تۇرمۇش تەرتىپلىك بولۇش. بۇ ئائىلە تۇزۇمىگە رىئايە قىلىش، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى جايىدا قويۇش، سىرتتىكى خىزمەتنى ۋاقتىدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. (4) بەلنى چىڭ باغلاش. بۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جەزمەن قىلىش، قىلىشقا نىيەت قىلغان ئىشنىمۇ جەزمەن قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. (5) تېجەشلىك بولۇش. بۇ ۋاقىتنى، ئىقتىسادنى، سۇ، توكقا ئوخشاش تېجەشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى تېجەش، زۆرۈرىيىتى يوق ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. (6) سەمىمىي بولۇش. بۇ كىشىلەرنى ئالدىماسلىقنى، پاك، راستچىل بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. (7) تىرى-شىپ ئۆگىنىش. بۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان بىلىم، هۈنەر - كەسىپنى تىرىشىپ ئۆگىنىشنى كۆرسى-تىدۇ. (8) ئادىل بولۇش. بۇ ئۆزى پايدا ئېلىپ، باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. (9) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك. بۇ ھەر ئىشنى يولى، قائىدىسى بويىچە قىلىش، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. (10) پاكىز بولۇش. بۇ بەدىنىڭنى، كىيىمىڭنى ۋە تۇرار جاينى پاكىز تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. (11) هايالىق بولۇش. بۇ ئەخلاقلىق، نومۇسچان بولۇش-

نى كۆرسىتىدۇ. (12) تەمكىن بولۇش. بۇ ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. (13) كەمتەر بولۇش. بۇ باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇۋالماسلىق، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

سائادەتمەن كىشىلەر بۇ 13 ئىشنى غەنىمەت بىلىدۇ:

(1) خۇش پېئىللىقنى ئۆزىگە ئەبەدىي نىجاتلىق سەرمايىسى دەپ بىلىدۇ. (2) پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ، ئۇنى غەنىمەت دەپ بىلىدۇ. (3) گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىدۇ. (4) مال ـ دۇنيا يىغىشقا ھېرىس بولمايدۇ. (5) ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدۇ. (6) ئاجىز، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە غەمخورلۇق قىلىدۇ. (7) بىراۋنىڭ ئەيىبىنى كۆرسە ئاشكارا قىلمايدۇ. (8) قىلغان ياخشىلىقى بىلەن ماختانمايدۇ. (9) بىراۋدىن يامانلىق كۆرسە ياخشىلىق قىلىدۇ. (10) پەزىلەت ئەھلىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. (11) ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. (12) باشقىلارغا قوپال مۇئامىلىدە بولمايدۇ. (13) توغرا سۆزلەيدۇ. يالغانچىلىق كوچىسىغا قەدەم باسمايدۇ.

خۇشال ـ خۇرام ياشاشنىڭ 13 پرىنسىپى:

(1) باشقىلارنى دوراشتىن ساقلىنىڭ. ئۆزىڭىزنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىڭىزگە خاس ئالاھىدىلىكىڭىزنى ساقلاڭ. (2) ياخشى بولغان خىزمەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ. (3) ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇپ، ھارغىنلىقىڭىزنى يوقىتىڭ. (4) خىزمەتلىرىڭىزگە بىزارلىق نەزىرىدە قارىماي، تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. (5) خۇشاللىقنى ئويلاپ خۇشاللىق بىلەن ئىش قىلىسىڭىز، ھەقىقەتەن ئۇنى ھېس قىلالايسىز. (6) دۈشمەنلىرىڭىزگە مەڭگۈ ئاداۋەت ساقلىماڭ. بولمىسا، ئاداۋىتىڭىزنىڭ سىزگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى دۈشمەنلىرىڭىزگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. (7) خۇشاللىققا ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر يول باشقىلارنىڭ رەھمەت ئېيتىشىنى

ئۈمىد قىلماسلىق، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىش دەپ چۈشىنىڭ. (8) ئېرىشكەنلىرىڭىزنى دائىم ھېسابلاپ تۇرۇڭ، قايغۇلىرىڭىز بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. (9) سىز قىلماقچى بولغان ئىشلار بەلكىم ئاچچىق لىمون بولۇشى مۇمكىن، ئامال تېپىپ ئۇنى لەززەتلىك لىمون شەربىتىگە ئايلاندۇرۇڭ. (10) كۆپرەك باشقىلار ئۈچۈن ئويلاڭ، شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاڭ. (11) ئالدىراپ باشقىلارنى تەنقىدلىمەڭ. (12) ئىشلىرىڭىزنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن قىلىڭ. ھوشيار بولۇڭ. باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدىغان يوچۇق قالدۇرماڭ. (13) ئۆزىڭىزنىڭ قىلىپ سالغان بىمەنە ئىشلىرىڭىزنى يادىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭ ھەمدە ئۆزىڭىزدىن ھەر دائىم ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭ.

## كىشىلىك ھاياتتىكى 14 چوڭ ئىش

ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان 14 تۈرلۈك ئەخلاق ـ پەزىلەت:

(1) رىيازەت. نەپسىنى يىغىش، كۆپ يېيىش ـ ئىچىشتىن ساقلىنىش؛ (2) سۈكۈت. ئۆزۈڭگىمۇ، باشقىلارغىمۇ پايدىسى تەگمەيدىغان يالغان سۆزلەردىن تىلىنى تارتىش؛ (3) ئىنتىزام، ئىشنى تەرتىپلىك، ئۆز ۋاقتىدا قىلىش، كېچىكتۈرمەسلىك؛ (4) مەقسەت. بىر ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ياخشى ئويلاش، پىلان تۈزۈش؛ (5) تېجەش. ئۆزىگە ۋە خەلققە پايدىسىز بولغان ئىشقا پۇل ـ مال سەرپ قىلماسلىق؛ (6) تىرىشچانلىق. ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي، پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش؛ (7) غەيرەت. ئىشتا غەيرەتلىك بولۇش، ھىيلە ـ مىكىردىن يىراق تۇرۇش، سۆزى بىلەن ئىشى بىردەك بولۇش؛ (8) ھەققانىيەت. توغرا بولۇش، كىشىگە زىيان يەتكۈزۈش كويىدا بولماسلىق؛ (9) مۆتىدىل. ھەر ۋاقىت مۆتىدىل ئىش تۇتۇش، ئىشلاردا ھەددىدىن ئاشماسلىق؛ (10) نازاكەت. تەن، كىيىم، ئۆي، يېمەك ـ ئىچمەك پاكىزلى-

قىغا ئەھمىيەت بېرىش؛ (11) قەلب ئازادىلىكى. كۆڭۈلنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇش؛ (12) ئىپپەت. شەرم ـ ھايالىق، نومۇسچان بولۇش. (13) تەۋەززۇ، كەمتەر، پاك دىل بولۇش؛ (14) مۇلايىملىق، سەۋرلىك، ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلۈك بولۇش.

ھاياتنىڭ 14 تۈرلۈك دەستۇرى:

(1) باتۇر بولۇش، لېكىن قارام بولماسلىق؛ (2) ياۋاش بولۇش، لېكىن دۆت بولماسلىق؛ (3) ساددا بولۇش، لېكىن گۆدەك بولماسلىق؛ (4) مەردانە بولۇش، لېكىن قوپال بولماسلىق؛ (5) جانلىق بولۇش، لېكىن شالالاق بولماسلىق؛ (6) سەگەك بولۇش، لېكىن گۇمانخور بولماسلىق؛ (7) يۇمۇرىستىك بولۇش، لېكىن چاكىنا بولماسلىق؛ (8) سۆزمەن بولۇش، لېكىن مۇغەمبەر بولماسلىق؛ (9) ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان بولۇش، لېكىن ھاقارەتلىمەسلىك؛ (10) ئۆزىگىزنى سۆيۈش، لېكىن قالتىس چاغلىماسلىق؛ (11) ئېھتىياتچان بولۇش، لېكىن قورقۇنچاق بولماسلىق؛ (12) چىقىشقاق بولۇش، لېكىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك؛ (13) ئۆزىگىزگە ئىشىنىش، لېكىن تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق؛ (14) قەتئىي بولۇش، لېكىن جاھىل بولماسلىق.



## كىشىلىك ھاياتتىكى بىر قاتار چوڭ ئىش

ياشلارغا قىلىنغان 15 تۈرلۈك نەسىھەت:

(1) ساڭا ھايا بەخش ئەتكەن ئاتا ـ ئاناڭنى ۋە ياردەم بەرگەن ھاياتىڭنى قوغدىغان زاتلارنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنى تولۇق بەجە كەلتۈر. (2) ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل، قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يارۇ ـ دوستلىرىڭغا مۇھەببەت ۋە ساداقەت يىپى بىلەن باغلان. (3) ۋەتەنىنىڭ چىن ھەقىقىي پەرزەنتى بول، ۋەتەن ـ خەلققە خىزمەت قىل، مەنپەئەت يەتكۈز. (4) مەنىسىز يوللاردىن شارابتىن نومۇسىڭنى بەرپات قىلىشتىن

ئۆزۈڭنى تارت. (5) ياشلىقنىڭ، ھېسسىياتىڭ، ساپ ۋە پاكلىقىڭ، سالامەتلىكىڭ، نومۇسۇڭ، ئابرۇيۇڭنى ھەر ۋاقىت قوغدا. (6) سۆيۈشنى بىل، مۇھەببەت ۋە ساغلام ئەقىل ئۆزۈڭگە ئۆمۈر يولدىشى تاللاشتا يولباشچى بولسۇن. (7) ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ساداقەتلىك، ئالىيجاناب، ساغلام ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەل بولغان قىزنى تاللا. (8) قۇرغان ئائىلەڭنى ئىللىق بىر مۇھەببەتكە تولغان ئىللىق بىر سائادەت ئۇۋىسى قىلىشتا تىرىش. (9) ئائىلىنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىن ئېتىشكە ھەم غەيرەتلىك بول. (10) جامائەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان يارامىلىق پەرزەنت يېتىشتۇر. (11) ئوغۇللىرىڭنى سەۋرلىك، پەزىلەتلىك، شىجائەتلىك قىلىپ يېتىشتۇر. قىزلىرىڭنى ئۆزۈڭگە ئۆمۈرلۈك يولداش قىلىپ، تاللىۋالغان مەھبۇبەڭدەك تەربىيەلە. (12) ئائىلەڭنى سۆي، ئائىلە ھاياتىنى خۇشال داۋام ئەتكۈز، مەھبۇبەڭنىڭ كۆزىگە يېقىملىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلبىگە زوق ـ شوخ بەخش ئېتىش ئۈچۈن كۈچۈڭنى سەرپ قىل. (13) ئىشىكىڭ سەمىمىي دوستلىرىڭ ئۈچۈن دائىم ئوچۇق تۇرسۇن. (14) شەپقەتلىك بول، بېشىغا مۇشكۈلات كەلگەنلەرگە تەسەللى بەر، ياردەم بەر. (15) بوش ۋاقتىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئەخلاقى زىت بولمىغان ئويۇن ـ تاماشاغا سەرپ قىل.

ياشلار دىققەت قىلىدىغان 16 تۈرلۈك ئىش:

(1) ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن ساقلىنىپ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۆز خىزمىتىدە ئۇتتۇق قازانغانلىقى ئۈچۈن ئاسان مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ. باشقىلارغا كەسكىنرەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆز خىزمىتىدە دائىم مەغلۇبىيەت ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تۇرغان بولسا مەيۇسلىنىدۇ. چۈشكۈنلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوڭۇشلۇق ۋاقىتتا تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۈمىدسىز-

لەنمەيدىغان» بولۇش كېرەك. (2) ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالماي، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىش كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىقلار ئائىلە ياكى جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئورۇنغا ۋە ھوقۇققا ئىگە بولغاچقا «دېگىنىم راست» دەپ ئادەتلىنىپ قېلىپ باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆپ ئاڭلىمايدۇ. ئەگەر شەخسىي ئاداۋىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىش كۆرىدىغان بولسا بىر تەرەپلىمىلىك، ئادىل بولماسلىق قىزىققانلىق كېلىپ چىقىدۇ. (3) يوقىلاڭ ئىشلارغا سەكرەپ كەتمەي، مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق بولۇشقا ئادەتلىنىش. ئۆپكىسىنى باسالماسلىق - قاراملىق، تەۋەككۇلچىلىك، چوڭقۇر ئويلانماسلىق ۋە ئالدىراقسانلىق قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئايرىم كىشىلەرنىڭ ۋاقتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرا ياشلىق ۋاقىتقىچە ئەگىشىپ كېلىدۇ. (4) ئىككى يۈزلىمىلىكتىن ساقلىنىش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش. ئوتتۇرا ياشلىقلار ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولۇشى، كۆندىلىك خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە بالىلارنى تەسىرلەندۈرۈشى ۋە تەربىيەلىشى كېرەك. (5) خۇشامەتكۇيلۇق قىلماي، سەمىمىي ئادەم بولۇشى كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىقلار ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋە ياشانغانلار ئوتتۇرىسىدا ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناۋاتقانلىقتىن، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ، تۆۋەننى باسسا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇڭا شامالغا بېقىپ كېمە ھەيدەش، يۈز قاراپ ئىش كۆرۈشتەك ناچار ئىستىلغا قارشى تۇرۇپ، پەزىلەتلىك ۋە ئىشتا ئادىل بولۇشى كېرەك. (6) كەمتەر، كىچىك پېئىل، مۇلايىم بولۇشى كېرەك. (7) چوڭ مېڭىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن، كىتاب، ژۇرناللارنى ئوقۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھەرخىل ھەۋەسلەرنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. (8) ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرلۇك مەدەنىي

كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، چوڭ مېڭىگە يەتكۈزۈلىدىغان قان مىقدارىنى كۆپەيتىپ، ئەقلىي قابىلىيەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. (9) يېتەرلىك ئۇيقۇ ۋە دەم ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، چوڭ مېڭىنىڭ چارچىشىنى ۋاقتىدا تۈگىتىشى كېرەك. (10) بارماقلىرىنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بارماقلىرىنىڭ جانلىقلىقىنى ساقلىشى لازىم. (11) ياشلار بىلەن دوست بولۇشى كېرەك. (12) يېمەكلىك جەھەتتە بېلىق، تۇخۇم، قارا گۆش، سۈت ۋە پۇرچاق ياسالمىلىرى قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك ئاقسىل بىلەن ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. (13) ھاراق، تاماكىنى بالدۇر تاشلىشى لازىم. (14) تۇراقلىق، خۇشخۇي كەيپىياتنى ساقلاپ، غەمكىنلىك، بەك خاپا بولۇپ كېتىش ۋە بەك خۇشال بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. (15) يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە يۇقىرى قان بېسىم قاتارلىقلارنى بالدۇر سېزىپ ۋە بالدۇر داۋالىتىشى كېرەك. (16) سالامەتلىكنى قەرەللىك تەكشۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشى لازىم.



**غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ 16 تۈرلۈك ئۇسۇلى:**

(1) ئىرادىلىك بولۇڭ، باشقىلارنىڭ بايقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭ. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ھەر ۋاقىت غەلىبە قازىنىشىم كېرەك. چوقۇم غەلىبە قازىنىمەن... دەپ ئۆزىڭىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇڭ. (2) كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىڭ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەردىن ئۆگىنىڭ. شۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام قانداق قىلاتتىم دېگەننى ئويلاپ تۇرۇڭ. (3) سىزدە نىشان بولسۇن. سىزدە بىرەر ئوي ـ پىكىر تۇغۇلغان بولسا ئۇ خىيال پېتىچە قېلىۋەرمىسۇن. چوقۇم پىلان تۈزۈپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇڭ. (4) ئائىلە تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇڭ. ھەددىدىن زىيادە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشمۇ مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئىشلىرىنى مۇۋاپىق،

جايىدا ئورۇنلاشتۇرسىڭىز باشقا جەھەتلەردە غەلىبە قازىنىشىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق. (5) تەرتىپلىك ئىش قىلىڭ. بۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن چوقۇم ئەتىسى قىلىدىغان ئىشلارنى پىلانلىشىڭىز. (6) شارائىتقا بېقىپ «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. مۇشكۇل ئەھۋالدا قېلىش پەقەت ۋاقىتنىڭلا ئىش، ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنۇمگە ئېرىشىسىز. زىيادە ئاق كۆڭۈل ئادەم بەكمۇ ئەھمىيەتسىز ئارتۇقچە ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالىدۇ. (7) ئۆز - ئۆزىڭىزنى مۆلچەرلەڭ. سەۋەنلىكلەرنى ئىزدەپ تۇرۇڭ. سەۋەنلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان ئادەم مەڭگۈ غەلىبە قازىنالمايدۇ. (8) ئۈنۈملۈك ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىڭ. كۈندىلىك خىزمىتىڭىزنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ ئۈنۈمسىز ۋاقىتنى پەرق ئېتىۋېلىڭ. ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتىڭىزنى تاماق يېيىش، تۇغمەس شەخسىي تېلېفون بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ. بۇ ئىشلارنى ئۈنۈمسىز ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇڭ. (9) ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ تۇرۇڭ. دائىم ئۆزىڭىزدىن مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ دەپ سوراپ تۇرۇڭ. دائىم ئادەت بويىچە ئىش قىلىشتىن ساقلىنىڭ. (10) روھىي بېسىمغا توغرا مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇياتقا قېلىشتىن قورقماڭ. بۇ قېتىم يېڭىلگەن بولسام كېلەر قېتىم يېڭىمەن دېگەننى ئويلاپ تۇرۇڭ. (11) كۆپ ھەرىكەت قىلىپ بېرىڭ. ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا روھىي كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا گىمناستىكا، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇڭ. (12) پەيتنى مۆلچەرلەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىڭ، غەم قىلىپلا يۈرۈش ئادەمنىڭ كەيپىياتى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. ئايىغى چىقماس ئىشلارغا ئېسىلىۋالغاندا تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. ھەرخىل تەشەببۇسلارنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىدا ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىنىڭ. (13) ھوقۇق بېرىشنى

ئۆگىنىش، مەيلى سىز شېرىكلەشكۈچى بولۇڭ، بەزىدە قولىڭىزدىكى ئىشلارنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويۇپ باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئورنىڭىزغا باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئىشلەتمىسىڭىزمۇ باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىڭ ياكى يېنىڭىزدىكىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋاستە قىلىڭ. (14) سۆرەلمىلىك قىلماڭ. باشقىلارنىڭ ھاۋالە قىلغان ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ بېرەلمىگەنلىك، كەينىگە سۆرەپ ھەل قىلىپ بەرمىگەندىن ياخشى. (15) ۋاستە سىزدىكى ئىشىنى ئېيتماسلىقنى ئۈگىنىڭ... مىڭىزگە ئىشىنىڭ. بەزىدە ئويلىماستىنلا قىلىپ قويغان خىياللار تولۇق ئوي ـ پىكرىڭىزنىڭ ئۇندۇرمىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. (16) باشقىلارنى ماختاپ، باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. خىزمەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلسىڭىز، باشقىلارمۇ سىزگە رەھمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇمايدۇ.

**ھاياتلىقنىڭ 17 تۈرلۈك مەنىسى:**

(1) كەسىپ دەيدۇ: ھاياتلىق — كاتتا بىنالارنى بەرپا قىلىدىغان خىش ـ كېسەك. (2) كۈرەش دەيدۇ: ھاياتلىق — شىددەتلىك دولقۇن بىلەن ئېلىشىۋاتقان قولۋاقنىڭ پالىقى. (3) ئۈمىد دەيدۇ: ھاياتلىق — چىمەنلەر ئىچىدىكى جەزبىدار گۈل ـ غۇنچە. (4) مۇھەببەت دەيدۇ: ھاياتلىق — شېرىن سۆيگۈگە ئېرىشىش يولىدىكى ئىزدىنىش. (5) دوستلۇق دەيدۇ: ھاياتلىق — باشقىلارنىڭ ئۆرلىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان شوتا. (6) ئىشچانلىق دەيدۇ: ھاياتلىق — تەبىئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىنىم تاپمايدىغان ئۆكۈز. (7) ئەركىنلىك دەيدۇ: ھاياتلىق — سەھەردە قەپەزدىن ئۇچۇپ چىققان قۇش. (8) بەخت دەيدۇ: ھاياتلىق — كىشىگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بېرىدىغان بىر داستىخان. (9) ئاچ كۆز دەيدۇ: ھاياتلىق — ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي نەپ ئېلىش. (10) بىكارچىلىق دەيدۇ: ھاياتلىق — بىر قاچا تەمسىز سۇ.

(11) ئۈمىدسىزلىك دەيدۇ: ھاياتلىق — يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك. (12) قىيىنچىلىق دەيدۇ: ھاياتلىق — ئەگرى ـ توقاي تاغ يولى. (13) مەغلۇبىيەت دەيدۇ: ھاياتلىق — يوشۇرۇن تاشلار ئارىسىدا كېتىۋاتقان كېمە. (14) پۇرسەتپەرەس دەيدۇ: ھاياتلىق — ھەممە تۆشۈككە كىرىدىغان شامال. (15) مەرتىۋە دەيدۇ: ھاياتلىق — شاھ ئوردىسىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇن تەخت. (16) شۆھرەتپەرەس دەيدۇ: ھاياتلىق — ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ئورالغان تاشقى قىياپەت. (17) تەركىدۇنيا دەيدۇ: ھاياتلىق — خارابىگە ئايلانغان كونا قەبرە تېشى.

بۇ 17 ئىشنى قىلسىڭىز ھاياتىڭىز ئەھمىيەتلىك ئۆتىدۇ:

(1) باشقىلارغا خۇشاللىق بېغىشلاڭ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىڭ. (2) خۇش تەبەسسۇمىڭىز بىلەن ھەر كۈننى خۇشال كۈتۈۋېلىڭ. (3) خىزمەتنى خۇشاللىق ئۈچۈن قىلىڭ. (4) گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرۈپ تەبىئەتنى بېزەڭ. (5) بالىلىق چاغلىرىڭىزدا تۇرغان جايلىرىڭىزغا بېرىپ كېلىڭ. (6) يېقىن ئۆتۈدىغان بىرقانچە دوست تۇتۇڭ. (7) يوقىتىپ قويغان بالىلىق قەلبىڭىزنى ئىزدەڭ. (8) مۇھەببەتكە تولغان ئائىلە بەرپا قىلىڭ. (9) قەلبىڭىزدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتاقلىق كىشىنى يوقلاڭ. (10) ھاياتىڭىزدىكى مېھرىبان ئۇستازىڭىزنى يوقلاڭ. (11) ئەپۇ قىلىش ۋە چۈشىنىشنى ئىللىق ئائىلە قۇرۇشنىڭ كاپالىتى دەپ بىلىڭ. (12) بەدەن گۈزەللىكىڭىزنى ساقلاڭ. (13) ئۆزىڭىزنى تۆۋەن كۆرىدىغان ۋە ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان ئىشنى قىلماڭ. (14) ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزدىن خاتىرە يېزىپ تۇرۇڭ. (15) ئالاقىڭىز ئۈزۈلۈپ قالغان بۇرۇنقى دوستلىرىڭىزنى ئىزدەڭ. (16) ھەر كۈنى ساۋابلىق ئىشتىن بىرنى قىلىپ، ياشاشنىڭ باشقا بىر مەنىسىنى ئىزدەڭ. (17) دائىم مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرسۇن.

بۇ 18 جۈملە سۆزنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇڭ:

(1) بەزىدە، سىز تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ ئېرىشكەن نەرسىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالىسىز. (2) قىزىقىش بەزىدە سېسىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. (3) ھەقىقىي سۆيگۈ قەسەم ئالدىدا قورۇنۇپ قالىدۇ. (4) باشقىلارنى قورقۇتىدىغان كىشى قورقۇنۇشنى ئەڭ قورقۇنچ دەپ قارايدۇ. (5) دۇنيادا قەدىمدىن تارتىپ شائىر، ھاراقكەش ۋە كىچىك بالىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلەر ئەپۇ قىلىنىپ كەلمەكتە. (6) كامالەتكە يەتكەندە ھاياتنىڭ قىزىقى قالمايدۇ. (7) ئېيتىڭە ئىت بىلەن ئادەمنىڭ قايسىسى سەممىي. (8) نوپۇزلۇقلارغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئۇلارمۇ ئەۋرىتىنى ئىشتان بىلەن ياپىدۇ. (9) قاتتىق ھۆركىرەيدىغان ئادەمنىڭ ئالۋاستىدىن قورقماسلىقى ناتايىن. (10) ۋىجدان كىشىلەر مۇنا-سىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تەڭشىگۈچ. (11) بۇزۇلمىغان مۇھەببەت ئىنتايىن گۈزەل ئېستېتىك تۇيغۇ، ئەپسۇسكى مۇھەب-بىتى بۇزۇلمىغان كىشى بۇ خىل تۇيغۇدىن بەھرىلىنىشنى بىلمەيدۇ. (12) ئىتنىڭ تېزىكىنى دەسسىۋالغان كىشى، ئىتنىڭ تېزىگىدىنلا يىرگىنىدۇ. (13) ئادەم دوزاختا كۆنۈپ قالسا، ئۇنىڭ-دىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم يىغا - زارە قىلىشىدۇ. (14) ئازاب بىر دەمدىن كېيىنلا ئۆگىشلىپ كېتىدۇ، ئەمما بۇ يەردىكى «بىردەم» ئاز دېگەندىمۇ يۈز يىلغا يېتىدۇ. (15) دېڭىز-نى خۇدا، ئازاب دېڭىزىنى ئىنسانلار ياراتقان. (16) يالغانچى ئادەم خاتىرىسى كۈچلۈك ئادەمدىن بەك قورقىدۇ. (17) بوتۇلكىنى قانچە ئاۋايلىسىڭىز شۇنچە ئۇزۇن چىدايدۇ، دوستلۇقمۇ شۇنداق. (18) «پۇل كۆپىيىپ مەلۇم چەككە يەتكەندە، ئاندىن ئۇنىڭ كېرەكسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.» بۇ سۆزگە كىشىلەر ئىشەنمەيدۇ، ئەمما بۇ ھەقىقەت.

ئۆزىنى ئۈمىدۋارلىققا تولدۇرىدىغان 20 جۈملە:

(1) مەن ھەممىدىن قابىل. (2) مەن بارلىقىمنىڭ يىلتىزى. (3) مەن ئۆزۈم قابىل بولىمەن. (4) غەلىبە ئىرادەمنىڭ نەتىجىسى. (5) ئۆتمۈش كەلگۈسۈمگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. (6) ئىنسان ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ. (7) قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق. پەقەت ۋاقتىنچە ئۇسۇل - چارە تاپالمىدىم. (8) ئۇتۇقنىڭ چوقۇم ئۇسۇل - چارىلىرى قائىدىسى بولىدۇ. (9) ئۇتۇق قازانغۇچى ئۇسۇل - چارە ئىزدەيدۇ. مەغلۇپ بولغۇچى باھانە - سەۋەب ئىزدەيدۇ. (10) تەقدىر ھەممىمىزنىڭ ئۆز قولىدا، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىدا ئەمەس. (11) ئۆزىگە ياردەم قىلغانلارغا تەقدىر ياردەم قىلىدۇ. (12) سەن قانچىلىك قېتىر-قىنىپ ئىزدەنسەڭ ساڭا كېلىدىغان ئامەتنىڭ قەدىمىمۇ شۇنچىلىك يېقىنلىشالايدۇ. (13) مەن قىلىمەن، مەن قىلالايمەن، مەن چوقۇم ئالىمەن، مەن چوقۇم ئالالايمەن. (14) قارار قىلىش مۇۋەپپەقىيەتنى مۇقىملاشتۇرغانغا باراۋەر. (15) تاغ ئالدىمغا كەلمىگەندىكىن مەن باراي. (16) ھەر كۈنى ئازراق بولسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. (17) مەغلۇپ بولۇش ۋاقتىنچە غەلىبە قىلالماسلىقنى بىلدۈردۇ. (18) پەقەت يېڭىلگىنىڭگە تەن بەرمىسەڭلا مەغلۇبىيەت ھەرگىزمۇ سېنىڭ نەتىجەڭ بولمايدۇ. (19) ھەرقانداق ئادەم غەلىبە قازىنالايدۇ. (20) ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ھەرىكەت قىل.

خۇشال - خۇرام ياشاشنىڭ 23 تۈرلۈك سىرى:

(1) قىلىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان لېكىن قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقان ئىشلىرىڭىزنى قىلىپ بېقىڭ. (2) ئۆزۈڭىزدىن بېرى كۆرۈشەلمەي كېلىۋاتقان يېقىن بىر دوستىڭىزغا تېلېفون بېرىپ ئەڭ يېڭى پىلانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ. (3) ئىلگىرى سىزنى خاپا قىلغان ئادەم ياكى ئىشلارنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ قايغۇرۇش، پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق ئىزدەڭ. (4) ئىچى پۇشقان بىرەيلەننى تېپىپ قىزىقارلىق

81

يۇمۇرلارنى ئوقۇڭ. (5) باشقىلارغا كەسكىن ۋەدە بەرمەڭ. ئەگەر باشقىلارغا ياردەم قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان بولسىڭىز قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردىمىڭىزنى ئايىماڭ. (6) باشقىلارغا ئىلھام ۋە ياردەم بېرىڭ، باشقىلارنى ئۈمىدۋار ياشاشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. (7) دوستلىرىڭىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن كۆپرەك سىردىشىڭ. (8) باشقىلارنى كۆپرەك ماختاڭ. چۈنكى ماختاش قارشى تەرەپكە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى سوۋغاتتۇر. (9) خاتا قىلغانلىقىڭىزنى بايقىغان ھامان قارشى تەرەپتىن ئەپۇ سوراڭ، ئەپۇ سوراش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى دادىللىقنىڭ، ئالىيجانابلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. (10) ئۆزىڭىزنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بېقىڭ. (11) ئەركىن - ئازادە يۈرۈڭ. ئاچچىقلىنىشتىن ئاۋۋال ئۆز - ئۆزىڭىزگە «بۇ ئىش بىر ھەپتىلىك ئىشىمغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇڭ. باشقىلار سىزگە چاقچاق قىلغاندا كۈلۈڭ، ئاچچىقلانماڭ. (12) يېقىندىن بىر دوست تېپىڭ. يېڭى دوستىڭىز بىلەن كۆز ئالدىڭىزدا يېڭى بىر دۇنيا نامايان بولىدۇ. (13) بىرەر ئىشنى زور ئۈمىد بىلەن ئىشلەۋاتقان ئادەمگە ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلماڭ. ئەكسىچە ئاز - تولا ئىلھاملاندۇرۇپ قويسىڭىز شۇ كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردىمى بولىدۇ. (14) ياخشى ئىشلارغا نىسبەتەن ئۆز خۇشاللىقىڭىزنى، مىننەتدارلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. بۇ سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز ۋە مەيدانىڭىزنى ئىپادىلەپلا قالماي، ئۆزىڭىزدە ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشىڭىزگىمۇ پايدىلىق. (15) يېڭى ۋە ياخشى كىتابلارنى ئوقۇڭ. ئەمما كىتابتىكى ھەممە ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىلەن سېلىشتۇرماڭ. (16) تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۆزىڭىزگە «ھاياتتا بۇنداق پۇرسەتلەردىن قانچىسى بار» دېگەن سوئالنى قويۇڭ. (17) ئۆزىڭىزنى ياخشى كۈتۈڭ. ياخشى يېمەكلىكلەرنى تاللاپ ئىستېمال قىلسىڭىز كەيپىياتى-

ڭىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا ۋە چىرايىڭىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىغا پايدىسى بار. (18) ئۆيىڭىزنىڭ ھاۋاسىنى ياخشىلاڭ. باشقىلارنىڭ ئۆيىڭىزدە تاماكا چېكىشىنى ئىمكان بار توسۇپ قېلىڭ. (19) ئارىيەت ئالغان كىتاب ۋە باشقا نەرسىلەرنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىڭ. رەتلىك ياكى پاكىز كىيىنىڭ. (20) يولدا مېۋە شۆپۈكىنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئۇنى ئېلىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىڭ. بۇنى ھەرگىز ئورۇنسىز ئىش دەپ قارىماڭ. كۆڭلىڭىزدە ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلدىم دەپ خۇش بولۇپ قالىسىز. روھىڭىز كۆتۈرۈلىدۇ. (21) ئۆزىڭىزگە نىسبەتەن گۇمانلىق دەپ قارىغان ئىشلار ئۈستىدە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماڭ. توغرا ياكى خاتالىقى ئۆزىڭىز ئېنىق بولمىغان ئىشلارنى قىلماڭ. (22) ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرگە تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. (23) يول ماڭغاندا گەۋدىڭىزنى تىك تۇتۇپ، قەدىمىڭىزنى رۇسلاپ مېڭىڭ. شۇنداقلا چىرايىڭىزدىن تەبەسسۇم چىقىپ تۇرسۇن.



**ھايات ھەققىدە 24 جۈملە:**

(1) باشقىلارنىڭ ئۈمىدىنى يېنىكلىك بىلەن يوققا چىقارماڭ، بەلكىم ئۇ قارشى تەرەپنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى بولۇشى مۇمكىن. (2) ئاچچىقلانغاندا ھەرقانداق قارارنى چىقارماڭ. (3) ياللىغان ئىشچىلىرىڭىزغا ئىشنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ ھەرگىز ئىش ھەققى بەرمەڭ. (4) ھېچنېمىسى يوق كىشىلەردىن ئېھتىيات قىلىڭ. (5) ئەدەپلىك ۋە ئەپچىللىك بىلەن «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. (6) تۇرمۇشتا ئادىل بولۇشنى ئۈمىد قىلماڭ. (7) ئەگەر بىر قېتىملىق جەڭنىڭ غەلىبىسى پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئېلىپ كەلسە ئىككىلەنمەستىن كەسكىنلىك بىلەن ۋاز كېچىڭ. (8) «بىلمەيمەن» دېيىشتىن قورقماڭ. (9) كۈندە ئۈچ كىشىنى ماختاڭ. (10) ھېچبولمىغاندا يىلدا بىر قېتىم تاڭنىڭ سۈزۈلۈشىدىن ھۇزۇرلىنىڭ. (11) ھەمىشە «رەھمەت» دېيىشنى ئۇنتۇ-

ماڭ. (12) باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىڭىز، باشقىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭ. (13) يېڭى دوست تۇتۇڭ، كونا دوستلۇقنى چىڭىتىڭ. (14) مەخپىيەتلىكنى ساقلاڭ. (15) خاتالىقىڭىزنى ۋاقتىدا ئېتىراپ قىلىڭ. (16) كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشنى ئۆگىنىڭ. بەزى پۇرسەت سىز كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندا ئىشكىڭىزنى يېنىك چېكىشى مۇمكىن. (17) يامان گەپلەرگە قۇلاق سالماڭ. (18) دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان قالتىس چارە ھەممىشە مۇستەقىل ئىشلىگۈچىلەردىن كېلىدۇ. (19) ئەگەر سىز قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى قارار قىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئىرادە ۋە ئىشەنچىڭىز بولۇشى كېرەك. (20) ئەگەر سىزدە بىر دانە ئانار بولسا ئامال قىلىپ ئۇنىڭدىن شىرنە چىقىرىڭ. (21) يۇيۇنغاندا ناخشا ئېيتىڭ. (22) كىشىلەرگە مەست ھالىڭىزنى كۆرسەتمەڭ. (23) قايتۇرسىمۇ، قايتۇرمىسىمۇ بولىدىغان كىتابلارنى ئارىيەتكە بېرىڭ. (24) جۆرە تاللىغاندا ئېھتىياتچان بولۇڭ. ئۇ سىزنىڭ 90% لىك بەختىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

**ئادەملەردىكى 25 خىل بولمىغۇر مىجەز:**

(1) ئۆزىنىڭ تەقدىرى ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىتا ھەممىشە ئاغرىنىپ يۈرۈش. (2) ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى تەھلىل قىلىپ قۇسۇر ئىزدەش. (3) دائىم ماختاپ ـ چاقلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش. (4) يېڭى شەيئى ۋە يېڭى تەجرىبىلەرنى سىناپ كۆرۈشتىن باش تارتىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىش. (5) سۆزى قوپال، تېتىقسىز بولۇش. (6) باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈشنىلا ئويلاپ، تەخسىكەشلىك ۋە خۇشامەتچىلىك قىلىش. (7) قىلچىلىك مۇستەقىللىق كۆزقاراشى بولماسلىق. (8) «ئاكاڭ قارىغاي دۇنيادا بىر» دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش. (9) مىجەزى شاللاق ۋە ساددا بولۇش. (10) زەھەرخەندىلىك بىلەن باشقىلارنىڭ يېغىرىنى تاتلاپ ئەيىبىنى

ئېچىش. (11) يامان نىيەتتى كۆپ بولۇش. (12) گەپنى كۆپ تەكرارلاش ھەمدە دائىم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئاساس تېما قىلىپ سۆزلەش. باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئىنكا-سى بىلەن كارى بولماسلىق. (13) كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئېتىبارسىز قاراش. (14) ئادەم ۋە ئىشلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىق. (15) باشقىلارنىڭ سىرىنى ئېچىپ، خالىغانچە ھاقارەتلەش. (16) ھەددىدىن زىيادە بېخىللىق قىلىش، پۇرسەت چىقسىلا باشقىلارنى ئالداش. (17) داڭلىق كىشىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئېپىنى كەلتۈرۈپ ئۆزىنى ماختاش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش. (18) ئۇچرىغانلىكى كىشىگە سورىمىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەش. (19) دائىم باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش. (20) «يوكسەك قابىلىيەت ئىگىسى» بولۇۋېلىپ ھەممە ئىشقا چات كىرىش. (21) كەمتەر-لىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سوئىيلىكتە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈش. (22) ياسالمىلىق قىلىش. (23) «چاۋىسى چىتقا يېيىلسىمۇ» بۇ دېگەن كىچىك ئىشلار دەپ بېزەڭلىك قىلىپ يۈرۈ-ۋېرىش. (24) باشقىلارغا لەقەم قويۇپ، يېتەرسىزلىكىنى مازاق قىلىش. (25) ۋەدىسىدە تۇرماسلىق.

**باشقىلارنىڭ ئامراقلىقىغا ئېرىشىشنىڭ 26 تۈرلۈك پىرىنسىپى:**

ئەگەر سىز كىشىلىك تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەي دېسىڭىز، باشقىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇراي دېسە-ڭىز، تۆۋەندىكى 26 تۈرلۈك تەسىراتنى كۆرۈپ چىقىڭ.

(1) تەق - تۇرقىڭىز قاملاشقان بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تالانتلىق ئادەم بولۇشقا تىرىشىڭ. ئەگەر تالانتىڭىزمۇ يېتەرلىك بولمىسا داۋاملىق كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

(2) مىجەز - خۇلق مۇھىم ھالقا، ھەرقاچان ئاق كۆڭۈل بولۇڭ.

(3) باشقىلار بىلەن قول ئېلىشقاندا، سەل ئۆزۈنراق قول ئېلىشىڭ. سەمىمىيلىك گۆھەردۇر.

(4) گەپ ـ سۆزدە دائىم «مەن»نى ئاربلاشتۇرماڭ.

(5) دوستىڭىزغا پۇل بېرىپ تۇرماڭ.

(6) ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھمانلارغا ئائىلىڭىزنىڭ ئالبومىنى كۆرۈشكە زورلىماڭ.

(7) باشقىلار بىلەن تاكسىغا چىققاندا ئامال بار شوپۇرنىڭ قېشىغا چىقىۋېلىڭ.

(8) باشقىلارنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىدىن بولسۇن ھەر ۋاقىت ياخشى گېپىنى قىلىڭ. بۇ گەپلەرنى شۇ ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىش ـ يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرىمەڭ.

(9) باشقىلار ئالدىڭىزدا مەلۇم بىرسىنىڭ يامان گېپىنى قىلغاندا، سىز پەقەت كۈلۈمسىرەپ قويۇڭ.

(10) ئۆزىڭىز كىچىك ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا ھەرگىز ئالاھىدە توختاپ ۋېلىسىپىت(ياكى موتوسىكلىت)تا مېڭىپ كېتىۋاتقان تونۇشىڭىز بىلەن سالاملاشماڭ، باشقىلار سىزنى ماشىنىسىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

(11) خىزمەتدىشىڭىز ئاغرىپ قالغاندا ئۇنى يوقلاپ بېرىشنى ئۇنتۇماڭ.

(12) ئۆتمۈشىڭىزنى باشقىلارغا تولۇق بىلدۈرمەڭ.

(13) سىزنى ياقتۇرمايدىغانلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

(14) «ئادىمىيلىك بىرىنچى، كەسىپ ئىككىنچى»نى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ.

(15) ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تەنقىدلىگەندە باشقىلار ئىشىنىدۇ. لېكىن ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى ماختىسىڭىز باشقىلاردا باشقىچە چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.

(16) ھەر قاچان ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ

مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىڭ.

(17) باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ھەقلىق دەپ قارىماڭ. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئادەت قىلىۋېلىڭ.

(18) باشقىلار سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇڭىز بولمىسىمۇ «ئاڭلاش»نى ئۆگىنىڭ.

(19) ھەرقانچە تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەم بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزىرى بولۇشى كېرەك.

(20) گەپ قىلغاندا دائىم «بىز» دەپ باشلاشنى ئۆگىنىڭ.

(21) سەھنىدە ناخشا ئېيتقان ھەربىر ناخشىچى ئۈچۈن چاۋاك چېلىڭ.

(22) بەزى چاغدا جاۋابنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ سوراپ قويۇڭ، مەسىلەن، «ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكىڭىز بەك چىرايلىقكەن، قىممەتتۇ ھە؟» يەنە بەزى چاغلاردا بەزى گەپلەرنى سوردىغىڭىز بولسىمۇ سورىماڭ. مەسىلەن، «قانچە ياشقا كىردىڭىز»، «ئېغىرلىقىڭىز قانچىلىك» دېگەندەك.

(23) گەپ كۆپ بولغاندا چوقۇم ئېزىش بولىدۇ. شۇڭا ئادەم كۆپ سورۇنلارغا بارغاندا ئامال بار ئاز سۆزلەڭ.

(24) ياق دېمەكچى بولسىڭىز ئەڭ ياخشى «ئويلىنىپ باقاي»، «مەن تىرىشىپ باقاي»، «ھازىر ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن»، «ئويلىنىپ بېقىپ سىزگە تېلېفون قىلاي»، «بۇ ۋاقىتتا باشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بارمۇ ـ يوق بىلمەيمەن»لارنى سىناپ بېقىڭ.

(25) ھەممە ئادەمنىڭ سىزنى ياقتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلماڭ، چۈنكى ئۇ مۇمكىن ئەمەس، كۆپ ساندىكىلەر سىزنى ياقتۇرسىلا مانا بۇ ئۇتۇق.

(26) ئەلۋەتتە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرۈشىڭىز كېرەك.

ساغلاملىقنىڭ 28 تۈرلۈك دۈشمىنى:

(1) قايغۇرۇش؛ (2) ھەسەت قىلىش؛ (3) ئاسان ھاياجان-

لىنىش؛ (4) ئاچچىقلىنىش؛ (5) شۆھرەتپەرەسلىك؛ (6) مال ـ دۇنياغا بېرىلىش؛ (7) ھاراق ئىچىش؛ (8) تاماكا چېكىش؛ (9) ئۇزۇق ـ لۇق بىر خىل بولۇش؛ (10) يېمەك ـ ئىچمەك تەرتىپلىك بولماس ـ لىق؛ (11) ئەتىگەنلىك ناشتىغا سەل قاراش؛ (12) سۇپىتى ئۆزگەرگەن يېمەكلىكلەرنى يېيىش؛ (13) كەچلىك تاماقنى كۆپ يېيىش؛ (14) زىيادە سېمىزلىك؛ (15) قالايمىقان دورا ئىچىش؛ (16) كەيپىياتى تۇراقلىق بولماسلىق؛ (17) بۇلغانغان مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىش؛ (18) تۇز بىلەن شېكەرنى كۆپ يېيىش؛ (19) ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاش؛ (20) جاپادىن قېچىش؛ (21) مېڭىنى ئىشلەتمەسلىك؛ (22) ھەرىكەت يېتەرلىك بولماس ـ لىق؛ (23) ئىچ كىيىملەر پاكىز بولماسلىق؛ (24) ئۆي ئىچى قالايمىقان بولۇش؛ (25) ھەددىدىن زىيادە چارچاش؛ (26) كېچىلەپ قارتا ئويناش؛ (27) تېلېۋىزور كۆرۈش؛ (28) ئۇزاق ئولتۇرۇش قاتارلىقلار...

مەغلۇبىيەتنىڭ 31 خىل سەۋەبى:

1. تۇغما كەمتۇكلۇك. ئەقلىي قابىلىيىتى تۇغما كىشىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ، تۇغما كەمتۇكلۇكنى ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

2. تۇرمۇشتا ئېنىق نىشان بولماسلىق. ئېنىق كۇرەش نىشا ـ نى ياكى تىرىشچانلىق يۆنىلىشى بولمىغان كىشىنىڭ مۇۋەپپە ـ قىيەت قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

3. يۈكسەك ئىرادە ۋە جاسارەت كەمچىل بولۇش. كىشىلىك ھاياتتا ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلىمايدىغان، بەدەل تۆلەشنى خالىماي ـ دىغان پەرۋاسىز ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

4. يېتەرسىزلىك ۋە تەربىيە كۆرمەسلىك. ھاسىلات ئۆزىڭىز بىلگەن نەرسىدىن كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇ بىلگەنلىرىڭىزنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ تۇرماسلىق.

5. ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق. بۇ ئادەم ئۆزىدىكى ھەرقانداق پاسسىپ ئىدىيەنى كونترول قىلىش دېگەنلىكتۇر.

6. تېنى ساغلام بولماسلىق. تېنى ساغلام بولمىغان كىشى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

7. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ناچار مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش. كۆچەتكە تېرەك قويمىسا قىڭغىر ئۆسىدۇ، مايسا كۆكىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئۆسمۈرلۈك چاغدىكى ناچار مۇھىت كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تەسىر قىلىدۇ.

8. سۆرەلمىلىك قىلىش. بۇ مەغلۇبىيەتچىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە.

9. ئىرادىسىزلىك. بەزىلەر ئوقۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان ھامان بەل قويۇۋېتىدۇ، بىراق كۈچلۈك ئىرادىلىك كىشى [مەغلۇبىيەت] نىڭ چېكىنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، مەغلۇبىيەت كۈچلۈك ئىرادىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

89

10. پاسسىپ خاراكتېر. خاراكتېرى پاسسىپ كىشىلەردىن باشقىلار قاچىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

11. جىنسىي ھەۋەسنى كونترول قىلالماسلىق. جىنسىيەتنىڭ كۈچى ئەڭ زور بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى كونترول قىلىش بىلەن بىللە باشقا بىر خىل كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

12. ئىشلىمەي چىشلەشكە ئىنتىلىش. بۇ خىل پۇرسەتپەرەسلىك نەچچە مىڭلىغان كىشىنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ.

13. تەدبىر كەسكىن بولماسلىق. غالىبلار ھەر ئىشتا كەسكىن تەدبىر كۆرىدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەر ئىككىلىنىپ تەدبىر بەلگىلەش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى مەغلۇبىيەتكە باشلايدۇ.

14. تەشۋىشلىنىش. ئۆز مۇلازىمىتىنى ئوڭۇشلۇق بازارغا سېلىش ئۈچۈن، تەشۋىش ۋە ۋەھىمىنى چوقۇم يېڭىش لازىم.

15. جورىسىنى مۇۋاپىق تاللىيالماسلىق. بۇ مەغلۇبىيەتكە

سەۋەب بولىدىغان ئادەتتىكى ئامىللاردۇر. بەختسىزلىك بىلەن ئازاب بولسا، كىشىنىڭ جەسۇرلۇقى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ.

16. ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق. ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق ۋە ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتسىزلىقمۇ ئوخشاشلا زىيانلىق.

17. كەسپىي ھەمراھنى مۇۋاپىق تاللىيالماسلىق. ئۆز مۇلازىمىتىنى بازارغا سېلىشتا، يالىلىغۇچى ياكى خوجايىننى ئەستايىدىل تاللاش كېرەك، كەسپىي ھەمراھنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى مەغلۇبىيەتنى ياكى غەلىبىنى بەلگىلەيدۇ.

18. خۇراپاتلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك.

19. كەسىپنى خاتا تاللاش. ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كەسىپنى تاللاش، پۈتۈن كۈچ بىلەن كىرىشىش كېرەك.

20. نىشانى ئېنىق بولماسلىق. ئېنىق نىشانى يوق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئاقمايدۇ.

21. خالىغانچە ئىسراپخورلۇق قىلىش. ئىسراپخور ئادەمنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇنداق ئادەم مەڭگۈ نامراتلىق ۋەھىمىسى ئىچىدە ئۆلىدۇ.

22. قىزغىن بولالماسلىق. سوغۇق تەلەت كىشىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ، قىزغىنلىق بىر خىل تەسىراتچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئالقىشقا ئېرىشەلەيدۇ.

23. كاجلىق. كاج ئىچى تار ئادەمنىڭ ئالغا باسمىقى بەك تەس، بىلىم ئېلىشتا تەشەببۇسكار بولمايدۇ.

24. قېلىپسىزلىق. بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىش ۋە جىنسىيەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىش — زىيىنى ئەڭ ئېغىر قېلىپسىزلىق، بۇ قېلىپسىزلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى.

25. ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولماسلىق. ئاقىل سودىگەر ياكى

رەھبەر ھەمكارلىقتا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ.

26. ئاسانلا كېلىپ قالغان ئامەت. ئاسانلا قولغا كەلگەن بايلىق ـ مۇۋەپپەقىيەتكە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغان ئامىل.

27. قەستەن ساداقەتسىزلىك قىلىش. ساداقەت ــ ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان ئېسىل خىسلەت.

28. شەخسىيەتچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىك. بۇ ئىللەت سىگنال چىرىغىغا ئوخشاش باشقىلارنى ئاشۇ كىشىدىن يىراقلىشىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

29. پەرەزگىلا تايىنىپ پىكىر يۈرگۈزمەسلىك. نۇرغۇن كىشىلەر پاكىتلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشقا ئېرەنسىزلىك قىلىدۇ.

30. مەبلەغ يېتىشمەسلىك. بۇ ئىشقا يېڭىدىن كىرىشكەنلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىدىكى ئورتاق ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

31. باشقا سەۋەبلەر. سىزمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان سەۋەبلىرىنى تىزىپ چىقالايسىز، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنى ئانالىز قىلىپ، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، شۈبھىسىز بۇنىڭ سىزگە ياردىمى بولىدۇ.

**ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى 42 خىل «ئەڭ»لەر:**

1. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور مۇكاپات ــ خەلقنىڭ ئالقىش ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىش.

2. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ــ باشقىلارغا ياردەم بېرىش.

3. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ــ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش.

4. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئەخلاق ــ پاكلىق ۋە ساداقەتمەنلىك.

5. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت ــ ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش.

6. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى ــ ئۆزىنىڭ

قىزغىنلىقى.

7. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز نەرسە — سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك.

8. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور ھاسىلات — تەجرىبە ـ ساۋاق.

9. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق — بىلىم ۋە ۋاقىت.

10. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى — دوستلۇق ۋە ئىشەنچ.

11. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور ئاقىلانىلىك — ئۆزىنى بىلىش.

12. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئىش — ئىلاجسىزلىقتىن باشقىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سارغىيىش.

13. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش — قاراپ تۇرۇپ قولىدىكى ناننى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئاچ يۈرۈش.

14. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئازاب — ئۆزى خالىمىغان ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىش.

15. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھەسرەت — نادانلىق ۋە بىكارچىلىق.

16. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئاسان ئىش — باشقىلارنى ئەيىبلەش، باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش.

17. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زور پۇشايمان — قولغا كەلگەن ئامەت ۋە ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش.

18. ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر — باشقىلارنىڭ بەختىنى ئۆز بەختىم دەپ بىلىدىغان ئادەملەر.

19. ئەڭ زېرەك ئادەملەر — ئۆزىنى بىلىپلا قالماي، ئۆزگىلەرنىمۇ بىلىدىغانلار.

20. ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملەر — ئاتا ـ ئانىلار.

21. ئەڭ چىرايلىق ئادەملەر — كەمتەر ۋە نومۇسچان ئادەملەر.

22. ئەڭ كۆپ رەنج، مۇشەققەتكە ئۇچرايدىغان ئادەملەر — ئەقىللىق، زېرەك، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر.

23. ئەڭ ياۋۇز ئادەملەر — باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى بەدەلىگە بەختكە ئېرىشكۈچىلەر.

24. ئەڭ ساختىپەز ئادەملەر — باشقىلارنى ئالدايدىغان ۋە يالغان گەپ قىلىدىغانلار.

25. ئەڭ ئاجىز ئادەملەر — خەلق بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن قارشىلىشىدىغانلار.

26. ئەڭ ھورۇن ئادەملەر — يامان كۈندە قېلىپمۇ يەنە ئۆز كۈنىنى ياخشىلاشنىڭ كويىدا بولمايدىغانلار.

27. ئەڭ دۆت ئادەملەر — بەخت ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنە بەختىنى ئىزدەپ يۈرىدىغانلار.

28. ئەڭ قورقۇنچلۇق ئادەملەر — ئۆزىنى ئەر، ئۆزگىنى يەر چاغلايدىغانلار.

29. ئەڭ نومۇسسىز ئادەملەر — ۋاپاغا - جاپا قىلىپ، بېشىنى سىلىغانلارنىڭ قولىنى چىشلەيدىغانلار.

30. ئەڭ قارا يۈز ئادەملەر — ۋەتىنى، مىللىتى ھاقارەتلىنىپ، دەپسەندە قىلىنىسىمۇ كارى يوق يۈرىدىغانلار.



31. ئەڭ پەزىلەتسىز ئادەملەر — ھەممىنى ئۇنتۇپ پەقەت مال - دۇنيا ئۈچۈن ياشايدىغانلار.

32. ئەڭ كۆپ گەپ قىلىدىغان ئادەملەر — ئىشنى ئاز قىلىدىغان ئادەملەر.

33. ئەڭ چاكىنا ئادەملەر — پايدا - مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان، كۈچۈكلىنىدىغان ئادەملەر.

34. ئەڭ شەرمەندە ئادەملەر — ۋىجدانىنى ساتىدىغانلار.

35. ئەڭ پەسكەش ئادەملەر — مەنسەپكە چىقىۋېلىپلا ئەل - ئاۋامنى ئۇنتۇپ قالىدىغانلار.

36. ئەڭ سەت ئادەملەر — باشقىلارغا قوپاللىق ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغانلار.

37. ئەڭ ئىلگىرى باسمايدىغان ئادەملەر — ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئۆزىنى كەم سۇندۇرىدىغانلار.

38. ئەڭ توخۇ يۈرەك ئادەملەر — باشقىلارغا بويسۇنۇش، باش

ئېگىشنىلا بىلىدىغانلار.

39. ئەڭ تەمەگەر ئادەملەر — ئۆزىنى خارلايدىغانلار.

40. ئەڭ ئاسان تەسىرلىنىدىغان ئادەملەر — ھېچقانداق ئىشنى بىر تەرەپكە ئېلىپ چىقالمايدىغانلار.

41. ئەڭ جاپادىن قاچىدىغان ئادەملەر — موھتاجلىق ۋە خارلىققا قاراپ ماڭغانلار.

42. ئۆزىنى ئەڭ ئەقىللىق سانايدىغانلار — ئۆزىنى ھەقىقىي ئالدايدىغانلار.

## دائىم ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك 100 جۈملە سۆز

1. ھەر كۈنى ئۆزىڭىزگە بىر قېتىم «مەن يارايمەن» دەڭ.

2. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەربىر كۈن ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ گۈزەل كۈندۇر.

3. قۇياشقا يۈزلىنىڭ، شۇندىلا ئۈمىدسىزلىكنىڭ سايىسى كۆز ئالدىڭىزدىن يوقىلىدۇ.

4. سىز ھاۋارايىنى ئۆزگەرتەلمەيسىز، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ ھاۋارايىغا بولغان بىزار بولۇش كەيپىياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز.

5. ئوي - پىكرىڭىز ھەرىكىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ، ھەرىكىتىڭىز ئادىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ، ئادىتىڭىز مىجەز - خاراكتېرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ، مىجەز - خاراكتېرىڭىز تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

6. ئېرىشكەنلىرىڭىز بىلەن ھېسابلاشماي توختىماي تەر تۆكۈۋېرىڭ، بىر كۈنى پايدىسىنى كۆرىسىز.

7. قىش كەلدى، شۇنداقلا باھار بىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

8. ئىلكىڭىزدە بارىدا قەدىرلەڭ، ئايرىلىپ قالغاندا پۇشايمان قىلماڭ.

9. ھەر ۋاقىت كەينىڭىزدىكى ئىشىكنى يېپىپ مېڭىڭ (يەنى بۇرۇنقى نەتىجە ۋە سەۋەنلىكلىرىڭىز ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ).

10. ئۈمىد قانچە چوڭ بولسا، ئۈمىدسىزلىكمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

11. ئەگەر ئايدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭىزغا يىغلاپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز، ئۇنداقتا يۇلتۇزلارنىمۇ قولدىن قالىسىز.

12. تىرىشىپ ئۆگىنىڭ، بىلىملىك بولىسىز. تەنقىدتىن قورقماڭ، غەيرەتلىك بولىسىز. ئويلاپ سۆزلەڭ، ئىناۋەتلىك بولىسىز. بىرسىنى تاللاڭ، خاتىرجەم بولىسىز.

13. دوستىڭىزنى توغرا تاللاڭ، بىر ئۆمۈر خۇشال ئۆتىسىز. جورىڭىزنى توغرا تاللاڭ، بىر ئۆمۈر بەختلىك ئۆتىسىز، كەسپىڭىزنى توغرا تاللاڭ، بىر ئۆمۈر مۇۋەپپەقىيەت ئىچىدە ئۆتىسىز.

14. نۇر چېچىش پەقەت قۇياشقىلا خاس ئەمەس، سىزمۇ نۇر چاچالايسىز.

15. ئەخمەقلەر تېنى ئارقىلىق روھىنى باشقۇرىدۇ، دانالار روھى ئارقىلىق تېنىنى باشقۇرىدۇ.

16. ئالتۇن هامان پارقىرايدۇ.

17. خۇشاللىق بىر خىل پوزىتسىيە، بىر كىشى خۇشال يۈرۈشنى چىن دىلىدىن نىيەت قىلسىلا چوقۇم خۇشال يۈرەلەيدۇ.

18. خۇشال ئۆتۈشنىڭ سىرى: ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى جازالىماڭ. باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى جازالىماڭ. ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن باشقىلارنى جازالىماڭ.

19. بىزنىڭ نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلىرىمىزنىڭ مەنبەسى: ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن يەنى سېلىشتۇرغاندا ئۆزىمىز ئىگە بولالمىغان نەرسىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئېرىشكەنلىرىمىزگە سەل قارىغانلىقىمىزدىن كېلىدۇ.

20. ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمەڭ. ھاياتىڭىزدا مەلۇم نەرسە-لەرنى يوقىتىپ قويۇش بەلكىم ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشتۇر. ئېزىپ قېلىش — بەلكىم يېڭى يول ئىزدەشتۇر.

21. ئاچچىقلىنىش — باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى جازالاشتۇر.

22. بەختكە ئېرىشىشنىڭ چارىسى — ئىلكىدە بارنى قەدىرلەش، ئىلكىدە بولمىغانلارنى ئۇنتۇپ كېتىش.

23. سىز مۇھەببەت ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشە-لەيسىز، شۇنداقلا ئۆچمەنلىك ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىن ئايرى-لىپ قالىسىز.

24. ئاچ كۆزلۈك — ئەڭ ھەقىقىي نامراتلىق، قانائەت بولسا ئەڭ ھەقىقىي بايلىق.

25. ئەتىكى ئۈمىد بىزگە بۈگۈنكى ئازابنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

26. خۇشاللىقتىن باشقىلار تەڭ بەھرىلەنگەندىلا تېخىمۇ خۇشال بولغىلى بولىدۇ.

27. خۇشال ئېرىشكەنلىرىڭىزنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى ھېسابلاشقانلىرىڭىزنىڭ ئازلىقىدىندۇر.

28. ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرىغان ئاشۇ قىسقىغىنە مىنۇتلاردا بەلگىلىنىدۇ.

29. بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە ئۆزۈڭنىڭ خۇي-پەيلىدىن كۆر.

30. مەيلى قايسا ۋاقىتتا باشلاڭ، ئەڭ مۇھىمى باشلىغاندىن كېيىن توختاتماي داۋاملاشتۇرۇڭ.

31. مەيلى قايسى ۋاقىتتا ئاخىرلاشتۇرۇڭ، ئەڭ مۇھىمى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلماڭ.

32. ئادەم ئەگەر قورقۇنچاق بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولىدۇ. ئادەم ئەگەر باتۇر بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى بولالايدۇ.

33. ئەڭ زور ئۈمىد ۋە بارلىق كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ،

ئەمما ئەڭ يامان ئاقىۋەتكىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ.

34. ھورۇنلۇق، ئىرادىسىزلىك ۋە بىكارچىلىق ئەقىلنى داتلاشتۇرىدۇ.

35. ھەربىر ئىشنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش شۇنداقلا ھەر ۋاقىت ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ ئويلىنىپ بېقىش كېرەك.

36. ئۇمىدلىك ئادەم ئازابىنى خۇشاللىقتا، «دوزاخ»نى «جەننەت»كە ئايلاندۇرالايدۇ.

37. بارلىق غەلىبىلەر ئۆزىنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ غەلىبىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بارلىق مەغلۇبىيەتلەر ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەغلۇبىيەتنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

38. خۇدا كىشىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىدىن ئەسلا ئاغرىنمايدۇ، ئەمما كىشىلەر دائىم خۇدانىڭ تەڭسىزلىكىدىن ئاغرىنىدۇ.



39. دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ ھارغۇزىدىغىنى كۆڭلەرنى بىكارچىلىقتا مەنىسىز ئۆتكۈزۈشتۇر.

40. ھاياتىڭىزدىكى بىرىنچى ياشلىقنى خۇدا ئاتا قىلىدۇ، ئىككىنچى ياشلىقنى ئۆزىڭىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىسىز.

41. ئوي - پىكىر ئۇچقىنغا ئوخشايدۇ، كۈچنى مەلۇم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرگەندىلا ئاندىن تېشىپ ئۆتكىلى بولىدۇ.

42. ئادەم ئۆزىنىڭ نىشانىنى يوقىتىپ قويمىسىلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

43. ئەگەر تاڭنى مەدھىيىلىگەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا قاراڭغۇ كېچىنىمۇ قۇچاقلاپ قويۇڭ.

44. ھاياتلىقنىڭ مۇھىملىقى تۇرغان ئورنىڭىز ئەمەس، يۈزلەنگەن نىشانىڭىز.

45. ئۇچالايدىغان ۋاقتىڭىزدا ئۇچۇشتىن ۋاز كەچمەڭ، سۆيە-

لەيدىغان ۋاقتىڭىزدا سۆيگۈدىن ۋاز كەچمەڭ.

46. هاياتلىق بەك قىسقا، بۈگۈن ۋاز كەچكەنلىرىڭىزگە ئەتە ئېرىشەلىشىڭىز ناتايىن.

47. تالانت بىر پىرسەنت، ئىلھام بىلەن 99 پىرسەنت تىرىشچانلىقنىڭ يىغىندىسىدۇر.

48. بىز ئادەملەر بەك ئەخمەق، دائىم ئېرىشكەنلىرىمىزنى قەدىرلىمەي ئەكسىچە ئېرىشەلمىگەنلىرىمىز ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يۈرىمىز.

49. ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز كۆزگە ئىلغاندىلا، باشقىلار ئاندىن سىزنى كۆزگە ئىلىدۇ.

50. ئۈمىدلىكلەر ئاپەت ئىچىدىكى پۇرسەتنى كۆرەلەيدۇ، ئۈمىدسىزلەر پۇرسەت ئىچىدىكى ئاپەتنى كۆرىدۇ.

51. باتۇرلۇق قورقۇنچنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى قورقۇنچقا توغرا مۇئامىلە قىلالىغانلىق ۋە قورقۇنچنى يېڭەلىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

52. خاتالىقنى تونۇغانلىق — خاتالىقنى يېرىم تۈزەتكەنلىك.

53. ياشلىق ئەگەر گۆرۈگە قويۇلىدىكەن، مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايسىز.

54. بارلىق ئالداشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى — ئۆزىنى ئالداش. بارلىق خاتالىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى — توختىماستىن ئۆزىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەش.

55. تەجرىبە بولسا ئازابلىق كەچۈرمىشلەردىن كېلىدۇ.

56. بىر بالاسى بولمىسا تاشتا قۇيرۇق نە قىلۇر؟ بەدەلسىز ھوسۇل نەدە بولسۇن؟

57. غايىنىڭ يولى ئىشەنچكە تولغانلارغا تەييارلاقلىق.

مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇپ قول سېلىپ ئىشلەپ كۆرمىسىڭىز مەڭگۈ غەلىبە قازىنالمايسىز.

58. ئىشلەش ياكى ئىشلىمەسلىكنى تاللاش سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، ئەمما قول سېلىپ ئىشلەپ كۆرمىسىڭىز مەڭگۇ پۇرسەتكە ئىگە بولالمايسىز.

59. ئەگەر نۇقسانسىز دوست ئىزدىسىڭىز مەڭگۇ دوست تاپالمايسىز.

60. ئۆزىڭىزنى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز چاغلاپ بىلمىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى خىجىل بولماي سوراپ بىلىۋېلىڭ، شۇندىلا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز.

61. باشقىلارنى تۈزىتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزدە خاتالىق بارمۇ ـ يوق؟ تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ.

62. ئۆزىڭىز قىلىشقا مۇۋاپىق بولغان ئىشلارنى قىلىپ ئۆز رولىڭىزنى ياخشى ئېلىڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز بولۇڭ.

63. تۇرمۇشتىكى بىئاراملىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز خوجايىن بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

64. يەككە ـ يېگانە ۋە ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىش ئەڭ قورقۇنچلۇق نامراتلىقتۇر.

65. بارلىق ئۇلۇغ ھەرىكەت ۋە ئىدىيەلەرنىڭ بىرەر ئەرزىمەس باشلىنىشى بولىدۇ.

66. ھەرقانداق نەرسىنى ئۆگەنگەندە، جاپالىق بولسىمۇ تەرتىپ بويىچە باشتىن ئالدىرىماي، ئاساسنى پۇختا سېلىپ ئۆگىنىڭ، ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئاسانلا ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماڭ.

67. ئىلگىرى ئېرىشكەنلىرىڭىزنى ئۇنۇتماڭ، ھازىر ئىلكىڭىزدە بولغانلىرىنى قەدىرلەڭ. ئۆزىڭىزگە تەۋە بولغانلىرىدىن ۋاز كەچمەڭ. ئېرىشمەكچى بولغانلىرىڭىز ئۈچۈن بار كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ. قولدىن بېرىپ قويغانلىرىڭىزنى ئەسلىمە ئورنىدا كۆرۈڭ.

68. پۇرسەت تەييارلىقى بارلارغا مەنسۇپ.

69. ھېسسىيات ئەقىلنى ئەمەس، ئەقىل ھېسسىياتنى باشقۇ- رۇشى كېرەك.

70. سىز ئەڭ قىزىقىدىغان، سىز قىلىشنى ئەڭ خالايدىغان ئىش — سىزنىڭ خىزمىتىڭىز بولۇشى كېرەك، شۇندىلا سىز خىزمەتتىن ھەر ۋاقىت خۇشاللىق تېپىپ، خىزمەت ۋاقتىدا ئۆزىـ ڭىزنى بەختىيار ھېس قىلىسىز ـ دە، خىزمەت ئۈنۈمىڭىز تېخىـ مۇ يۇقىرى بولىدۇ.

71. بىز خۇدا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن بۇ دۇنيانى تېخىمۇ رەڭدارلىقا ئىگە قىلالايمىز.

72. بەربىر قىلغاندىكىن چوقۇم ياخشى قىلىش كېرەك.

73. ئوقۇش، خىزمەت، نىكاھ، ئائىلە ھاياتىنىڭ تۆت چوڭ مەزمۇنى، ھەممىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. قايسى بىرسىـ گىلا كۆچەپ، قالغانلىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

74. ئەگەر بىز ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، كەينىمىزگە قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمىزنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ بىز يەنە ئۆزئارا ئازارلىشامدۇق؟

75. مەستلىك — نەسلىك، ئاقىۋىتى — پەسلىك!

76. دۇنيادا گۈزەللىك كەم ئەمەس، كەم بولغىنى گۈزەللىكنى بايقايدىغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز.

77. باشقىلار مېنى ھۆرمەتلىسۇن دېسىڭىز، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق ئادەم بولۇڭ.

78. بىر بالا ئەگەر تەنقىد ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەيىبـ لەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

79. بىر بالا ئەگەر دۈشمەنلىك ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ

كۆرەش قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

80. بىر بالا ئەگەر ۋەھىمە ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ غەم ـ قايغۇنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

81. بىر بالا ئەگەر ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

82. بىر بالا ئەگەر مەسخىرە ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ يۈرەكسىزلىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

83. بىر بالا ئەگەر ھەسەتخورلۇق ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ قىزغانچۇقلۇقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

84. بىر بالا ئەگەر ھاقارەت ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ جىنايەت تۇيغۇسىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

85. بىر بالا ئەگەر رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىشەنچنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

87. بىر بالا ئەگەر تەقدىرلەش ئىچىدە ياشىسا، ئۇندقتا ئۇ مىننەتدارلىقنى ئۆگىنىۋالىدۇ.



88. بىر بالا ئەگەر رازىمەنلىك ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

89. بىر بالا ئەگەر تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئىچىدە ياشىسا، ئۇنداقتا ئۇ مەردانىلىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

سىزنىڭ بالىڭىز قانداق شارائىتتا ياشاۋاتىدۇ؟

90. قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىغان خۇدا ھاسىدىن ئايرىماپتۇ، خۇدا ئىشىكنى تاقاپ قويغان بىلەن تۆڭلۈكنى ئېچىپ قويىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ھامان ئامال تېپىلىدۇ.

91. تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭىز، ئەمما چوقۇم غەلىبە قازىنالىشىڭىز ناتايىن، بىراق ئەگەر ۋاز كەچسىڭىز چوقۇم مەغلۇپ بولىسىز.

92. نىكاھ بىر جۈپ ئۆتۈك، پۇتنى قىستىغان ياكى قىستىمىغانلىقىنى پەقەت كىيگەن ئادەمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

93. نىكاھ ــ ئائىلە تۇرمۇشىدا، ھەر ۋاقىت قارشى تەرەپنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغاندىن كۆرە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ قارشى تەرەپكە ماسلىشىش ئەڭ ئاقىلانىلىكتۇر.

94. ھەممە ئىشنى ياخشى تەرەپكە تارتىپ ئويلاڭ، ئىش بەلكىم سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوسال بولماسلىقى مۇمكىن.

95. سىزنىڭ توغرا بولغاندىن كېيىن ئاچچىقلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، سىزنىڭ خاتا بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئاچچىقلىنىشقا تېخىمۇ ھەققىڭىز يوق. ئۇنداقتا يەنە نېمىشقا ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋالالمايسىز؟

96. باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلغانلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئاسرىغانلىق.

97. تاللاش خۇشاللىق ئىش، چۈنكى تاللاش ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغىنىغا ئېرىشەلمەيسىز، شۇنداقلا تاللاش يەنە ئازابلىق ئىش، چۈنكى تاللاش جەريانىدا ئۆزىڭىز تاللىغانلىرىدىن باشقىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

98. ئامال بار ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەننى تاللاڭ، شۇنداقلا تاللاپ بولغان ئىكەنسىز، چوقۇم ئۆزىڭىز تاللىغىنىڭىزنى ياخشى كۆرۈڭ.

99. بىز ئۆزىمىز تۇرغان مۇھىتنى ئۆزگەرتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاشۇ ناچار مۇھىتقا بولغان قارىشىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

100. ئەڭ ئاز پۇشايمان بىلەن ئۆتمۈشىڭىزگە يۈزلىنىڭ.



# ھايات ھەققىدە مۇھاكىمە ۋە بايانلار

## ھاياتلىقتا پەقەت ئۈچ كۈنلار بار

تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە، تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتى ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. بۈگۈن بىزگە ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ، گەرچە ھەمراھ بولغان بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەتىمۇ پاتلا يېتىپ كېلىدۇ، لېكىن يەنە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك، بىلىشىمىز كېرەككى ھاياتتا پەقەت ئۈچ كۈنلا بار، شۇڭا بۇ ئۈچ كۈننى ئوبدان قەدىرلەپ بۇ چەكلىك ھاياتنى چەكسىز دۇنيادا خۇشاللىق گۈلزارى بىلەن تولدۇرۇشنىڭ سىمۋولى قىلىشىمىز كېرەك.



بۈگۈننىڭ ئۆزى بىر سوۋغا. بەلكىم بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ھەربىرىمىزنىڭ مۇنداق بانكىمىز بار، ئۇنىڭ ئىسمى «ۋاقىت»، ئەگەر سىز بۇ ۋاقىت ئامانىتىنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلمىسىڭىز، زىيانغا ئۆزىڭىز ئىگە بولىسىز.

سىز چوقۇم مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ ساغلاملىقنى خۇشاللىقنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى سېتىۋېلىشىڭىز كېرەك. ۋاقىت توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ، تىرىشچانلىق سىزنىڭ ھەربىر بۈگۈنىڭىزنى مول ھاسىلاتلارغا ئىگە قىلىدۇ.

«بىر يىل»نىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، لاياقەتسىز بولۇپ قېلىپ قايتا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىدىن سوراڭ.

«بىر ئاي»نىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، بەختكە قارشى بالدۇر تۇغۇپ قويغان ئانىدىن سوراڭ.

«بىر ھەپتە»نىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ھەپتىلىك گېزىتنىڭ مۇھەررىرىدىن سوراڭ.

«بىر سائەت»نىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ۋىسال پەيتىنى كۈتۈۋاتقان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقتىن سوراڭ.

«بىر مىنۇت»نىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۆلۈمدىن ئامان قالغۇچىدىن سوراڭ.

«بىر دەقىقە»نىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئالتۇن مېدالنى قولدىن بېرىپ قويغان تەنھەرىكەتچىدىن سوراڭ.

بۈگۈننىڭ ئۆزىنى قەدىرلەڭ، ئېرىشكەن گۈزەل ۋاقىتلىرىڭىزنى قەدىرلەڭ، بولۇپمۇ بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر بىلەن بۇ ۋاقىتتىن تەڭ بەھرىلىنىڭ.



## ھاياتنىڭ چىن مەنىسى

ھايات ـــ دوستلۇق بىر دۇشمەنلىكنىڭ كۆرىشى، بەخت بىلەن پالاكەتنىڭ بىر ـ بىرىگە قەست قىلىپ تۇرۇشى، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ زىت نەرسىلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ساڭا گۈزەللىك ئاتا قىلىپ ياراشقان ئاجايىپ ئېسىل كىيىملەر كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېرەكسىز لاتىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، سىزنىڭ پۈتۈن جىسمىڭىزنى ئېرىتىۋەتكەن ئالەمچە بەخت، خۇشاللىقلارمۇ كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى پېشانىڭىزدىكى تەرگە، كۆز سەھەرلىرىدىكى شەبنەملەرگە ئوخشاش قۇرۇپ تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ تۈگىگەن كۈنى خاپىلىقىڭىزنىڭ، بەختسىزلىكىڭىزنىڭ، پالاكەتنىڭ باشلانغان كۈنى بولۇپ قالىدۇ. تارىختا ئاجايىپ دەۋر سۈرگەن

خان ـ پادىشاھلارمۇ، جەندە كۆلا كىيىپ يۈرگەن دىۋانىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ھايات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، يەنى بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى، ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدىغان ھاياتلىق قانۇنىيىتى. مانا بۇ ھايات دېمەكتۇر.

ھايات ـــ مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپادارلىق، پاكلىق، ئادىللىقتىن ئىبارەت ئىنسان روھىنىڭ گۈزەل گۈللىرىدىن شىرنە ئالالىغاندىلا، ئاندىن لەززەتلىك، ئەھمىيەتلىك، قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك بولالايدۇ. ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى قۇربان قىلالىسىڭىز، مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئاتا قىلىشى بىلەن، بۇ دۇنياغا سىزنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىڭىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلالىسىڭىز، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنى بىھۇدە قايغۇ ـ ھەسرەتكە، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە مۇپتىلا قىلماي، ئادەمىيلىك پەزىلىتىڭىز بىلەن ياشاپ، ئەجدادىڭىزنىڭ نامىغا داغ چۈشۈرمىسىڭىز، سىزنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن، سىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان ئادىمىڭىز ئۈچۈن ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە سادىق بولالىسىڭىز، ۋاپادارلىق گۈلىنى سولاشتۇرۇپ ۋە قۇرۇتۇپ قويماي پەرۋىش قىلالىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ھەق ـ ناھەقكە بولغان مۇھەببەت، نەپرىتىڭىزگە ئادىل مۇئامىلە قىلالىسىڭىز، ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەت، شەرم ـ ھايا مىزانلىرىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئادەمىيلىك پەزىلىتىڭىزنىڭ، ياشاش نىشانىڭىزنىڭ «تەۋرەنمەس ئۇلى» قىلىپ، «بۇزۇقچىلىق، ئوغرى ـ يالغانچىلىق، پىتنە ـ پاسات تارقىتىش، قوۋملىرىغا ساتقىنلىق قىلىش، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە خىيانەت قىلىش، پۇل ـ مال ئۈچۈن غۇرۇر ـ ۋىجدانىنى سېتىش، ئېتىقادىدىن كېچىش...» قاتارلىق ھەرقانداق ئەخلەت ـ چاۋا، مەينەتچىلىك ئىچىدىمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ دۇرۇس، ئىمان ـ ئېتىقادلىق، ئادەمىيلىك ئەخلاقىي پەزىلىتىڭىز بىلەن

105

«ئالتۇن»دەك پارقىراپ تۇرالىسىڭىز، ئاندىن ئەجدادلىرىڭىز ھەم كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭىز ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ هايات مۇساپىڭىزنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنى، ئاخىرقى نەپەسىڭىزدە پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتىنىش مۇستەسنا بولغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىغان بولىسىز. مانا بۇ هايات.

## هاياتنىڭ ھەقىقىتى — تەقدىم قىلىشتۇر

ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق، تارىختا ئۆتكەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋەتەن - خەلق، يۇرت - ماكانىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن قان تۆككەن مەرد، سېخىي ئەزىمەتلەرنىمۇ ۋە شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ياش تۆككەن نامەرد، بېخىل پۇچەكلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز، ئۇلارنىڭ بىرى ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن قان تۆكىدۇ؟ يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ؟ سەۋەب ئۇلارنىڭ قىممەت ۋە مەنپەئەت قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا يەنى مەردلەر قەلب تۆرىدە ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى بولغان بولسا، شەخسىيەتچىلەر قەلبىدە شەخسىي مەنپەئەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ تۇرلۇك - تۈمەن نەپس خاھىشىنىڭ قۇللۇقىغا دۇچار قىلىپ شەرمەندىلىكنىڭ تۈيۈق يولىغا باشلايدىغان شەخسىيەتچىلىك ئىللىتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ شەخسىيەتچىلىك — ئاچ كۆزلۈككە تولغان شەرمەندىلىكنىڭ مەنبەسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ماھىيەتتە شۇ كىشىنىڭ ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا قىلغان پايدىلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ ئۇلۇغلۇق ۋە قەدىر - قىممەت ئەلۋەتتە ئاۋام - خەلقنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلەيدىغان «تەقدىم قىلىش روھى»غا ئىگە بولغاندىلا تىكلىنىدۇ. بۇ خىل روھقا ئىگە كىشى-

لەر ھۆرمەتكە ساۋازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان شەخسىيەتچىلىكنىڭ تۇيۇق يولىغا كىرىپ قالسا، ئۇنى ئار ـ نومۇس، ۋىجدان ـ غۇرۇر، ئىنساب ـ دىيانەتنى بىلمەيدىغان قەلبى كورلارغا ئايلىنىپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ.

## ھاياتنىڭ پىچىرلاشلىرى

ھايات ـــ بارلىق مەۋجۇداتلار ئۈچۈن چەكسىز قىممەتلىك، ئىنسان ئۈچۈن تېخىمۇ مۇقەددەستۇر. ھايات ئىككى خىل يوقلۇق، يەنى ئىجابىي يوقلۇق بىلەن مەڭگۈلۈك تامامىلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ قىسقا چاقناشتۇر. ئۇ، بىزنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىمىزنىڭ ئاچقۇچى. بىراق، سىزنىڭ ئىمكانىيەت مۇھتىنگىز زادى قانچىلىك؟ ئۆزىڭىزنىڭ دەسلەپكى يوقلۇقىڭىز ئاداقى تاملىنىشىڭىزنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ھېچنېمىگە تەڭ ئەمەس. زەررىچىلەر سېلىشتۇرما فورمۇلاسىمۇ ئۇنى ھېسابلاپ چىقىشقا ئاجىزلىق قىلىشى مۇمكىن. بۇ بىر ھەقىقەتكى، ھايات ئۆزىڭىزنىڭ بۈيۈك تىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك چاقناشقا ئېرىشەلەيدۇ.

ھايات ـــ بېشىڭىزدىلا ئۈچۈپ يۈرگەن ئەڭ خاسىيەتلىك، ئەڭ مۇقەددەس بىر قۇش. سىز مەڭگۇ ئۇنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمىلەرنىدۇر تاشلاپ بېرىشىنى، گۈزەل پەر قېقىشلىرى بىلەن ئاززۇ دەرىخىڭىزنىڭ ئالتۇن شاخلىرىغا قونۇشىنى كۈتىسىز. ئۇ بىر بولسا، ھازىرلا بېشىڭىزغا قونىدىغاندەك، بىر بولسا ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ سىزنى زېرىكتۈرگەندىمۇ، بېشىڭىز ئۈستىدىن ھازىرلا ئۈچۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلغاندىمۇ ئۇنىڭ ئاچچىق ۋە يىرگىنچلىك تەرەپلىرىنى سېزەلمەيسىز. ئۈمىدىڭىز پاچاقلانغان، روھىڭىز خورىغان دەقىقىلەردىمۇ ئۇ يەنىلا سىزگە تاتلىق بىلىنىدۇ. ئۆلۈۋېلىش ئىستىكىنىڭ قۇترىشى ئەمەلىيەتتە

ھاياتنىڭ تەمىگە چىدىمىغانلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھىدۇر.

ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۇچۇن تۇرمۇشتا شەكلەنمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداقمۇ بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ماھىيىتى ياشاش ئىرىشچانلىقلىرى ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىسىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. بىراق، ئادەم بىلەن ھاياتنىڭ بىر - بىرىنى ياشاش ھالىتى ئاجايىپ تەكشىسىز ۋە يۇكسەك ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە. ئادەم ئۇمىدلىرى ئارقىلىق يۇكسەك ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشكەن. بۇ خىل قانۇنىيەت ئادەمنىڭ ھايات رېئاللىقلىرى قايىنىمىدا مەڭگۇ تىرىشىش سالاھىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. ھايات ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدىنمۇ يۇكسەك سالاھىيىتى مەۋجۇت ئەمەس. ئادەملەر دەل سەۋەب ئىزچىللىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بارلىق مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئېرىشىشلىرىنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن، ئۇ ھاياتنىڭ ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى ئۆز خاھىشىغا، ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا يەنىلا مۇئەييەن ئاجىزلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئادەم بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم مۇرەككەپ، ھەم ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە نىسپىي مۇناسىۋەتتۇر. ئۇلار چەكسىز بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە قانۇنىيەتلىك خىرىس خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئۆزىنى ئىجاد قىلىشتىكى ماھىيەتمۇ ئۆزىنىڭ ھايات ئالدىدىكى ئوبرازىنى چاقنىتىش ئۈستىدىكى كۈرىشىدۇر.

بىز مەڭگۇ ھاياتنى تولۇقلىغۇچى ۋە بېيىتقۇچى. ھاياتمۇ بىز ئۈچۈن تالايلىغان ئىمكانىيەتنى يوشۇرۇپ ياتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭكى، پۇرسەت ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولىدۇ، سىز نەپەسلىرىڭىز تاماملانغانغا قەدەر ھامان پۇرسەتلەر قايىنىمى ئىچىدە ياشايسىز. پۇرسەت گويا ئەتراپىڭىزدا ئۈچۈپ

108

يورگەن سەلتەنەت قۇشىغا ئوخشىشىدۇ. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ بايقاشلىرىڭىز ئارقىلىق ئەقىل نۇرىڭىز بىلەن ئۇچرىشالىسا، سىز تېخىمۇ ئۆتكۈر ئۇچۇش قۇۋۋىتىگە ئېرىشەلەيسىز. ناۋادا ئۇنداق بولمىسىچۇ؟ پۇرسەت ھەرگىزمۇ ھەقىقىي پۇرسەتكە ئايلىنالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ سىز ئۇمىدسىزلەنمەسلىكىڭىز كېرەك.

سىز ھاياتنى ئۆزىڭىزنىڭ قارشىسىدىكى خاسىيەتلىك ئەينەك دەپ چۈشىنىڭ. سىز كۈلسىڭىز، ئۇمۇ سىزگە قاراپ كۈلىدۇ، سىز يىغلىسىڭىز، ئۇمۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. ئەگەر سىز ئىشەنچىڭىزنى يوقاتسىڭىز، ئۇمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئۇنى تاردەك ھېس قىلسىڭىز، شەكسىزكى، ئۇ كۆز ئالدىڭىزدا تېخىمۇ تارلىشىپ كېتىدۇ؛ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇمىدكە، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغىنىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇمىدكە، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغىنىڭىزنى ئىپادىلىيەلىسىڭىز، ھاياتمۇ سىزگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ؛ ناۋادا سىز ھاياتنى ئۆزىڭىز ئۇچۇن بىر يۈك دەپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭ غايەت زور يۈككە ئايلىنىپ، ئۆزىڭىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقىنىنى ھېس قىلىسىز... ئىشقىلىپ، سىز ئۇنىڭدىن ئۆز ئەكسىڭىزنى كۆرەلەيدىغانلىقىڭىزدىن شەكلەنمەڭ.

ھايات ـــ ئەسلىدىنلا مەۋجۇت نەرسە. بىزنىڭ تەۋەللۇت دەقىقىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇ بىز ئۇچۇن يېڭىباشتىن ئايرىۋېلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، سىزنىڭ قەدەم ئىزلىرىڭىز ئۇنىڭغا چېكىلىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدا سىزنىڭ «چىغىر يوللىرىڭىز» شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، سىزنىڭ ئۇنىڭ باغرىغا چەككەن، ئۇنىڭ باغرىدا ئاچقان يوللىرىڭىز قانداق يول بولسا، سىزنىڭ ماڭىدىغىنىڭىزمۇ شۇنداق يول بولىدۇ.

# يۈرەك مونولوگلىرى

تارىخ: كىشىلەر سېسىق پايپاقتىن يىرگىنىپ ئۇنى كارىۋات ئاستىغا تاشلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە پايپاقتا نېمە گۇناھ؟ سېسىق پۇرىغىنى ئۆزىنىڭ پۇتى، پايپاق پەقەت چۈشىنىكسىز قۇربانلىق قىلىنغان شۇ. تارىخ مانا شۇنداق يېزىلىدۇ.

بەخت: ئاق سۆڭەكلەر ئۇمىدسىز كېلىدۇ. كۇنلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئەتە بارمۇ ـ يوق؟ بىلمەيدۇ. قۇللار ئادەتتە ئۇمىدۋار كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەتە بەختلىك كۈنگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

گۈزەللىك ۋە سەتلىك: گۈزەللىك ــ سەتلىكتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. ئاندىرسىن ئەڭ گۈزەل چۆچەكلەرنى ياراتقان. لېكىن ئۇ دانىيە بويىچە ئەڭ سەت ئەر. قىزلار ئۇنى قۇچقاچلارمۇ قونۇشنى خالىمايدىغان كۆرۈمسىز دەرەخ دېيىشىدۇ. سەتلىك ــ گۈزەللىكتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. كاتتا مېھمانخانىلاردا تېنىنى سېتىپ يۈرگەن پاھىشىلەر بىر ـ بىرىدىن گۈزەل. ئەرلەرنىڭ قوغلىشىدىغىنى مۇشۇنداق گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟

ئويۇن: ئەرلەر سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ قالسا، بىر تەرەپتىن قىز دېگەنگە ئىككىنچى يېقىن يولىمايمەن دەپ قەسەم ئىچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن باشقا قىزلارغا كۆز تاشلايدۇ. ئەمەلدارلار ئەمەلىدىن ئايرىلىپ قالغاندا شۇنداق ئەمەلدارلىقنى ئىككىنچى قىلمايمەن دەپ قەسەم ئىچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قالدۇق قوللىغۇچىلىرىنى ئىزدەيدۇ. مۇھەببەتلىشىش بىلەن ئەمەل تۇتۇش ئوخشاش. ھەر ئىككىلىسى ئەرلەر ئويناپ ھارمايدىغان ئويۇن.

110

# ئەڭ قىممەتلىك نەرسە

قۇياش نۇرى ھەقسىز. جانلىقلارنىڭ بارلىقى قۇياش نۇرىسىز ياشىيالمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ چوڭىدىن ـ كىچىككىچە قايسىبىرى قۇياش نۇرى ئۇچۇن ھەق تۆلەپ باقتى.

ھاۋا ھەقسىز. ھاياتلىق ھاۋاغا موھتاج، ئەمما ئەلمىساقتىن تارتىپ كىممۇ بىردەم ئايرىلىپ قالسا بولمايدىغان قىممەتلىك نەرسىنى سېتىۋېلىپ ئىشلەتتى؟ مەيلى ئادەتتىكى بىر ئىشلەمچى ياكى سىياسىيون بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىنى قاپلاپ تۇرغان ئاشۇ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

تۇغقاندارچىلىق ھەقسىز. ھەربىر ھامىلە دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەرپىلىگۈسىز پەرۋىشىگە نائىل بولىدۇ. قان ـ تومۇرلارغا سىڭىشكەن بۇ خىل مېھرىبانلىق ئەزەلدىن بەدەل تەلەپ قىلغان ئەمەس. ھېچقايسى ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىگە — «ئاۋۋال ماڭا پۇل بەر، ئاندىن ساڭا كۆيۈنىمەن» دېمەيدۇ.

دوستلۇق ھەقسىز. ئىچىڭىز پۇشقاندا سىزگە ئۇن ـ تىنسىز ھەمراھ بولغان، يىقىلىپ چۈشكىنىڭىزدە سىزگە قول ئۇزارتقان، يۈرىكىڭىز جاراھەتلەنگەندە سىزنى باغرىغا باسقان ئادەم سىزدىن پۇل تەلەپ قىلغان ئەمەس. مانا بۇ دوستلۇق.

مۇھەببەت ھەقسىز. ئىختىيارسىز كۆڭۈل بۆلۈش، توسۇش مۇمكىنلىكى يوق سېغىنىش، ئەڭ قىيىن كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزۈش، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ زور تەسەللى بولۇپ، ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل مۇھەببەت. ھالبۇكى، ئۇ ھەقسىز، شۇنداقلا ئۇنى پۇلغا سېتىۋېلىش ئەبەدىي مۇمكىن ئەمەس.

نىشان ھەقسىز. مەيلى مەئىشىتى چەكسىز شاھزادە ياكى سەرگەردان بولسۇن خالىسىلا ئۆزلىرىگە كىشىلىك ھايات نىشانى تۇرغۇزالايدۇ. بۇ نىشان بەلكى ئۇلۇغۋار ياكى ئاددىي، سەلتەنەتلىك ياكى تىلغا ئالغۇسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار خالىسىلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

## ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭى تۇرغۇزدىڭىزمۇ؟

ھايات ئېڭى ھاياتنى سۆيۈش ۋە ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھايات ئېڭى ھايات ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا ھاياتنىڭ بىردىنبىر ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۇ ئالەمدىكى بىردىنبىر مەقسىتى ياشاش. ياشىغاندىمۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ھاياتقا مەنە قوشۇپ ياشاشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھايات تۇرغان ھەربىر ئادەمنىڭ ھايات ئېڭىنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم، ھاياتتىن مەنەلار گۆھىرى ئىزدىگۈچىلەر ھايات ئېڭىغا ئىگە بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكتىن باشقىچە ئۇنۇم بەرمەيدۇ. كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھامىيسى بولغان زامانىمىز قىزلىرىنىڭ ئالىدىغان مۇھىم تەربىيەلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرى ھايات ئېڭى تۇرغۇزۇش تەربىيەسىدۇر. بىر ياراملىق قىز بولۇشتا، بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇنىڭدىن نەتىجە قازىنىشتا، نام چىقىرىشتا، ئومۇمەن ھاياتلىققا مەنە قوشقۇچى ھەرقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا قىزلاردا ھايات ئېڭى بولمىسا، ئۇنداق قىزنى چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتۈش بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇشنى ۋە ئۇنىڭدىن گۆھەرلەر قېزىشنى ئالىي مەقسەت قىلغانلىقلىرىدا

چوقۇم ناھايىتى مۇنتىزىم بولغان ھايات ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىنسان ھايات مۇنتىزىم بولغان ھاياتىنىڭ ئىچىدە بولغان ھاياتنىڭ ھەربىر بېتىنى
مۇشۇ مۇنتىزىملىق ئىچىدە ھايات دەپتىرىنىڭ ھەربىر بېتىنى
مەنەلار بىلەن بېزەپ، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئاشۇرۇشنى ۋە
كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇل سېلىشنى ئالىي مەقسەت قىلغان ھايات
پائالىيىتى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى
بولىدۇ. بۇ مەنە ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مەنە بىلەن پەقەت ئوخشى-
مايدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئالىي مەنىدۇركى، بۇنىڭ بىلەن قىزلارنىڭ
يارقىن ئوبرازى كۆندەك روشەن ۋە ئاپتاپ مىسالى بولىدۇ.
ئەپسۇسكى، مانا مۇشۇنداق ھايات ئىككى تۈرگە ئۈزۈپ ھاياتقا يېڭى
مەنە قوشۇۋاتقان قىزلىرىمىز تولىمۇ ئازلاپ كەتتى، ناھايىتى
نۇرغۇن قىزلىرىمىز ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ
ياخشى بىر ئورۇندا خىزمەت قىلىش، ئامال بار پۇرسەتپەرەسلىك
قىلىپ يۇقىرى مائاش، يۇقىرى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش،
جاپا تارتماي چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرۇش دېگەندەك ئاددىي چۈشى-
نىدۇ. ئەگەر ھاياتنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇنداق ئاددىي بولىدىغان
بولسا، بۇنداق ئاددىي ھالدىكى ياشاشنى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق
قىلىدىغان دېھقانىنىڭ يەر تېرىپ ھوسۇل ئېلىشىدىنمۇ ئاددىي
بولغان ھايات مەنتىقىسى دەپ ئېيتماي تۇرالمايمىز. ھاياتنىڭ
مەنىسى ياشاش ئۈچۈن نان يېيىش ئەمەس. نان تېپىپ يېيىش
ئۈچۈن ياشاش، كۈرەش قىلىشتۇر. كۆپلىگەن قىزلىرىمىزدا مانا
مۇشۇنداق ئاددىي ھايات ئىككى تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولما-
غاچقا، ئۇلارنىڭ ياشاش مەنتىقىسىدە ھېچقانداق مەنە، ھېچقانداق
ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بىر ئادەم
ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى
ھەقىقىي ھېس قىلالىسا، ئاندىن ئۆزىنى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتىمەن
دەپ قارىيالىسا، شۇ كىشىنىڭ ھايات ئىككى تۈرگە ئۈزۈلگەن بولىدۇ
ھەمدە ئۆزى ھەقىقىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، ھاياتنىڭ مەنىسىز
ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتەلەيدۇ.

خەلقىمىز ھاياتنى ئاتقان ئوقتا، ئاققان سۇغا، چېقىلغان چاقماققا ئوخشىتىدۇ، تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن دانىلىرىمىز ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ھاياتلىقتا ئەۋلادلار ئۇچۇن كۆپرەك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش، مەنىۋى مىراس قالدۇرۇش توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ دۇردانىلەرنى قالدۇرغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «ئۆتكەن ئۆمۈرگە ئەپسۇسلانما، ئۇنى تۇسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ئەمگەكسىز، مېھنەتسىز ئۆتكەن ئۆمرۈڭ ئۇچۇن ئېچىن» دەپ يازىدۇ. ئەي قىز! ھەممىمىزگە ئايانكى، ھازىر ياشلىرىمىزدىكى ھايات بېھۇدىچىلىكى ھەرقانداق بىر خەلق، ئەلنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. بىزنىڭ نەچچە مىليون ياشلىرىمىز ھازىر زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان قىزلىرىمىز زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ زېھنىنى، ۋاقتىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنى ئۆمرى ياش باشقا تائىپىلەرنىڭكىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئۇزۇن يارىتىلغانمۇ؟ بىز ناھايىتى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ناھايىتى ئاز ساندىكى، تولىمۇ ئاز ساندىكى قىز ـ يىگىتلىرىمىزلا ھاياتقا مەنە قوشۇش ئۇچۇن، ئىلىم ـ پەننىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىپ، خەلقىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازى ئۇچۇن تىنىماي كۈرەش قىلماقتا، كۈرەش داۋامىدا يېتىلمەكتە، تاۋلانماقتا. ئەگەر مۇشۇ قوشۇننىڭ ئادەم سانى يەنە ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە كۆپەيگەن تەقدىردىمۇ، ھەرگىز تار يولدا قىستىلىشىپ قالمىغان، بەلكى بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى قىسقا ۋاقىتتىلا يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ھازىرقىدىنمۇ جۇشقۇنلۇققا ئېرىشتۈرۈشكە بولاتتى، ئەمما بۇ ئىش دېگىنىمىزدىكىدەك بولمىدى، ئارزۇيىمىز قانمىدى، شۇنداقلا ھايات ئېڭى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ياشاشتىكى بۇ ئەڭ ئەقەللىي ئاساسمۇ ياشلىرىمىزدا تېخى تولۇق تۇرغۇزۇلۇپ بولۇنمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇنتى-

-نىم تەربىيە شارائىتىغا ئىگە بولالماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. پەرزەنتلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە نېمە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا ماسلىشىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ھاياتىغا مەنە قوشالايدۇ؟ دېگەن تەرەپ-لەردىن ئويدان ئويلىنىپ ئىش قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاند-دىلا ئۇلار كۆزلىگەن مەقسىتىگە چوقۇم يېتەلىگەن بولاتتى. ھايات ئېغى تۇرغۇزۇشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ كونكرېت ئىپادىسى ۋاقىت ئېغى تۇرغۇزۇشتۇر. ھايات ئېغى بىر پۈتۈن ھاياتلىقىقا مەنە قوشۇشتىكى ئومۇمىي پىلان بولغان بولسا، ۋاقىت ئېغى بىر كۈنلۈك (بىرنەچچە كۈنلۈك، بىرنەچچە ئايلىق، كونكرېت بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ۋاقىت پىلانى) تۈزۈلگەن، بىرەر ئىشنى بېجىرىشتىكى كونكرېت پىلاندۇر، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋاقىت ئېغى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلان ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ ھاياتلىقىقا مەنە قوشقۇچى ھەربىر ئەھمىيەتلىك ئىشنى تاماملاشتىكى ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بىر كۈنلۈك، بىر كۈن ئىچىدىكى بىر سائەت، بىرنەچچە سائەت توغرىلىق توختىماي تۈزۈلگەن پىلان سىزنى ھەر ۋاقىت سەگەكلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە پىلان قىلغان شۇ ئىشنى تېز تۈتۈش قىلىپ چوقۇم تاماملاشنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ تەقەززالىق دەل ھايات ئېغى ۋە ۋاقىت ئېغىدىن كەلگەن. «ۋاقىتنىڭ كەتتى، بەختىنىڭ كەتتى» دەپ ئېيتىدۇ كونىلار. ھازىرقى كىشىلەردىكى ۋاقىت ئېغىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىنى ئۆتمۈشتىكىگە قەتئىي سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دەۋردىكى ۋاقىتنىڭ مەنىسى ۋە خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئۆتمۈشتە ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈ-زۈپ بەختىنىمۇ كەتكۈزۈپ قويغان كىشى بۇ دەۋرىمىزدە بەختىنى تېخىمۇ كەتكۈزۈپ قويىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان قىزلىرىمىزنىڭ ھايات ئېغى ۋە ۋاقىت ئېغىد-

نى تۇرغۇزۇشى ۋە ئۇنى ھەربىر ھەرىكىتىگە سىڭدۈرۈشى ناتايىن ئەھمىيەتلىك جەرياندۇر. مانا بۇ ئەھمىيەتلىك جەريان كەلگۈسىدە پەرزەنتلەرنى ئۇنىسىز تەربىيەلەشتە ئاجايىپ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەردىن، مۇنچە ياش چېغىمدا مۇنداق ئىشنى قىلماپتىكەنمەن، شۇ چاغدا ئەقلىمگە كەلمىگەنىكەنمەن، ئەگەر ھازىر شۇ ياشلىققا قايتقىلى بولسا، مۇنداق ئىشلارنى قىلىۋەتكەن بولاتتىم... ئۇنداق قىلاتتىم، مۇنداق قىلاتتىم، دېگەندەك سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. بەزىدە نېمىشقا شۇ ياشلىق دەۋرىڭىزدە قىلمىغان؟ دېگەن سوئاللارنىمۇ سوراپ قالىمىز. ئەمما، ئۇلار يا سەۋەبىنى ئاشۇ ھەممە خاتالىقلارنى كۆتۈرگۈچى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا، ئاپەتلىك يىللارغا ئارتىدۇ ياكى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېسىگە كەلمىگەنلىكى، ئەقلىگە توشمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئۇنى كېيىن تولدۇ-رۇۋالغان تولدۇرۇۋالمىغانلىقىدۇر. ئەگەر تولدۇرۇۋالغان بولسا شۇ كىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارمىنى رېئاللىققا ئايلانغان، ئەمەلگە ئاشقان ھېسابلىنىدۇ. ھازىر قىزلىرىمىزنىڭ ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭىنى ياش، جەرەندەك چېچەن ۋە سەگەك چېغىدا يېتىلدۈرۈۋال-مىسا، كېيىن پۇشايمان قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان، پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئاقىۋەتكە قېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىردىن باشلاپ كەلگۈسىنى مۆلچەرلەپ، كۈچلۈك ھايات ئېڭى ۋە ۋاقىت ئېڭى تۇرغۇزۇش ھەربىر قىزنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشتا ئەڭ ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇ.

## بەختنىڭ ئۆلچىمى

بەخت بىر خىل شېرىن ھۇزۇرلىنىش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق پىسخولوگ دەيۋى مارىسنىڭ ئىزدەنگەنلىرى كۆپ. ئۇ بەخت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنى بايقىغان. ئۇلار

مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن: بىرىنچى، تەنىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ساغلاملىق. بۇ بەختنىڭ ئۇلى. ئىككىنچى، ئەمەلىي نىشان، ئۈمىدۋار بولۇش. بۇ بەختنىڭ چەكسىز دەۋر قىلىشىدىكى ئىچكى كۈچ. ناۋادا ئادەمدە ئىنتىلىش بولمىسا، بەخت سۈيى ھورۇنلۇق ئىچىدە قۇرۇپ كېتىدۇ. ئۈچىنچى، ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش. بۇ بەخت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىسكىلىتى. شۇنداقلا، بەختنىڭ ئىلتىپاتى. تۆتىنچى، ھېسسىياتنى كونترول قىلىش. بۇ بەختنىڭ قانۇنىيىتى شەھۋەتپەرەسلىك قىلىش ۋە پەلپەتىش ئىش قىلىش بەخت بىلەن زىت. بەشىنچى، خۇشخۇي بولۇش. بۇ بەختنىڭ كەڭ مەيدانى، خۇشخۇيلۇق بەخت ھۇجەيرىلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئالتىنچى، كەڭ قورساق بولۇش. بۇ بەختنىڭ مەنبەسى. كۆتۈرۈشلۈك كەچۈرۈشلۈك بولغاندا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولىدۇ. يەتتىنچى، ياخشى دوست تۇتۇش، بۇ بەخت خۇشاللىقىنىڭ مېۋىسى. بىر ياخشى دوست بەختنىڭ بۇلىقىدۇر. سەككىزىنچى، چىقىشقاق بولۇش. كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ياخشى ئۆتكەندىلا، بەخت ئۆزلۈكىدىنلا كېلىدۇ. توققۇزىنچى، كوللېكتىپ ئېڭى بولۇش. بۇ بەختنىڭ ئاساسىدۇر. تەنھالىقتا بەختنىڭ ماكانى بولۇش قىيىن.

117

## بەختنىڭ شەكىللىرى

بەختنىڭ مۇقىم بىر ئۆلچىمى بولغان ئەمەس. قانچىلىك پۇلى، قانچىلىك ھوقۇقى بولغاندا، ئاندىن بەختلىك بولغىلى بولىدىغانلىقىنى؛ قانچىلىك قېرىنداشى، پەرزەنتى، دوست ـ بۇرادەرلىرى بولسا، ئاندىن بەختلىك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ھېچقانداق بىر ئادەم ئېنىق دەپ بېرەلمەيدۇ. ئادەم قانداق ھېس ـ تۇيغۇدا بولغاندا، ئۆزىنى بەختىيار چاغلايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ... دېمەك، بەختنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر

ئۆلچىمى ئەسلا بولمايدۇ. ئۇ پەقەت شەخسنىڭ نوقۇل هالدىكى ئىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت، خالاس. ئەمەلىيەتتە بەخت ئادەملەر-دىكى بىر خىل ھېس - تۇيغۇ تەسىراتى بولۇپ، كۆڭلىدە بەخت ئۇرۇقى بولسىلا، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە لايىق بەختكە ئېرىشەلەيدۇ.

بۇرۇن ئوقۇغان مۇنداق بىر ھېكايە ماڭا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. بىر باي بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى بەكمۇ نامرات ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ يول ئۈستىدە تۇرغاندا، ئاچ كۆڭۈل بىر ئادەم ئۇنىڭغا بىر تال كەمپۈت بېرىپتۇ. كېيىن ئۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە بولۇپ باقمىغان بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ نامرات بالا كېيىن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كاتتا باي، شۇنداقلا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولغۇچى ساخاۋەتچىگە ئايلىنىدۇ. مەن ھەر قېتىم بىر ئادەمگە ياردەم قىلسام، ئۆز ۋاقتىدىكى ھېلىقى بىر تال كەمپۈت ئېسىمگە كېلىدۇ - دە، شۇ چاغدىكى شېرىن لەززەتنى سېزىمەن، دەيدۇ. ئەكسىچە ھازىر قانچە چوڭ يەپ، چوڭ ئىچكەن، قانچىلىك راھەت - پاراغەت كۆرگەن بىلەنمۇ ھېلىقىدەك شېرىن لەززەتنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دېمەك، بۇ زەردار بايغا نىسبەتەن، بەختنىڭ شەكلى قەلبىنى شېرىن لەززىگە چۆمدۈرگەن ھېس - تۇيغۇنى ئىزدەپ تېپىش — باللىق ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم بىر تال كەمپۈت يېگەن چاغدا ئېرىشكەن بەختكە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ساخاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت.

مېنىڭ بىر قوشنام بولۇپ ئۇنىڭ ئېرى بەكمۇ ئۇژمە كۆڭۈل، شاللاق ئادەم ئىدى. ئۇلار نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان چاغدا، خوتۇنى سوتچىغا پەقەت ئوغلىنى ئۆزى بېقىش شەرتىنىڭلا بارلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ئايالنىڭ كىرىمى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، چىرايىدىن ئىللىق كۈلكە - تەبەسسۇم كەتمەيتتى، يەنە كېلىپ بۇ كۈلكە - تەبەسسۇم ھەرگىزمۇ سۇنئىي ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغلۇم-نىڭ چىرايىدا كۈلكە كۆرسەملا، ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختىيار

118

ئادەم، دەپ ھېس قىلىمەن، دەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھېچ چۈشەنمىدىم، بالىلىرىنى تاشلىۋەتكەن ئانىلار ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلاي-دىغاندۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئوغلىنىڭ تەبەسسۇم چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈشنى ئۆزى ئۈچۈن بەخت ھېسابلايدۇ.

بىر ئوبدان كىتاب ئوقۇش، ماختاشقا سازاۋەر بولغۇدەك بىرەر پارچە ماقالە يېزىش، ئېسىل پىۋىدىن بىرەر ئىستاكان ئىچىش، دوست - يارەنلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى قىلىش، ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانام ۋە پۈتۈن ئائىلەمدىكى-لەرنىڭ سالامەت، ساغلام، خۇشال يۈرگەنلىكىنى كۆرۈش... مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت.

بەختنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئەمەس ۋە بولمايدۇ. لېكىن بىر ئادەم قەلبىگە بەختنى سىغدۇرالايدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۆزگىچە بەختتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## بەختنى دەرىجىگە ئايرىش



ئازاب - ئوقۇبەتنى دەرىجىگە ئايرىغىلى بولىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر تۇغۇت ئازابىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ئەمەلىيەتتە تۇغۇت ئازابى يۈرەك سانجىقى ۋە كۆيۈك ئازابىدىن كېيىن تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۈچۈن سۆيگىنىدىن ئايرىلىش خۇددى يۈرىكىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئازابلىق بىلىنىشمۇ، ئەمما بۇ خىل ئايرىلىش ئازابىنى دەرىجىگە تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ.

ئەگەر بەختنى دەرىجىگە تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلسە سىز قايسى خىلدىكى بەختنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىسىز؟ بۇ دۇنيادا بەختنى شەخس، كەسىپ، نىكاھتىن ئايرىغىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى بىزنىڭ پال ئاچقۇزغىنىمىزغا ئوخشاش بىر ئىش.

بەزىلەر «خىزمەت قىلمايمۇ كىرىم كىرىشنىڭ ئۆزى

بەخت» دەپ قارايدۇ، ئەمما خىزمىتى يوق، كىرىمى بار ئاياللار ئۇنچىۋالا بەختلىك ئەمەس. بەزىلەر «تەن ساقلىق زور بەخت» دېيىشىدۇ. ۋەھالەنكى بەختنى تاپالماي يۈرگەن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ساغلام، بەستلىك كېلىدۇ.

ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ياش تۆكۈشمۇ بىر خىل بەخت، چۈنكى بەزىلەر ھەقىقەتەنمۇ سىزنىڭ ئۈنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكۈشىڭىزگە ئەرزىيدۇ.

زەربىگە ئۇچراش، باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاشمۇ بىر خىل بەخت، چۈنكى سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىغۇدەك، زەربە بېرىشكە ئەرزىگۇدەك تەرەپلىرىڭىز بار.

ساتقىنلىق قىلىشنىمۇ بىر خىل بەخت، ئۇ سىزگە دوستلىرىڭىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ئۈمىدسىزلىنىشمۇ بىر خىل بەخت، چۈنكى ئىنتىلىش بولغاندىلا ئۈمىدسىزلىنىش كېلىپ چىقىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيمىز، چۈنكى بىز بەزى ئازاب ــ ئوقۇبەت، ئۈمىدسىزلىك، قايغۇ ۋە خۇشاللىق، ئايرىلىش ۋە قوشۇلۇشنىڭمۇ بەخت ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. 

## ئازاب ۋە خۇشاللىق

ھاياتلىقتا ئەڭ ئازابلىق نەرسە نېمە، نامراتلىقمۇ؟ ياق. روھىي ئازابمۇ؟ ياق، قېرىلىقمۇ، ئۆلۈممۇ؟ ھەممىسى ئەمەس. مېنىڭچە ئادەم ئۈچۈن كەلگۈسىگە نىسبەتەن بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئارتىۋېلىشتىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك. ئەگەر ئادەم قانائەتچان بولسا، نامرات بولسىمۇ ئازابلانمايدۇ، شۇكۇرچان بولسا (ئارتۇق ئارزۇلاردا بولمىسا) روھىي ئازابلارنىمۇ يېڭىپ كېتەلەيدۇ. قېرىلىق، ئۆلۈم دېگەنلەردىن ھاياتلىقتا ساقلانغىلى

بولمايدۇ، بۇمۇ ئەڭ ئېغىر ئازاب ھېسابلانمايدۇ. ئادەم بۇ دۇنيادا بىر كۈن ياشىسا بىر كۈنلۈك ئىش چىقىپ تۇرىدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلالمىسا، ئادەم يەلكىسىدىن تاغ بېسىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، مانا بۇ ئەڭ ئېغىر ئازاب. نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشىدىن ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىز.

باشقىلارغا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىپ بېرەلمىسىڭىز، ياخشىلىقنى قايتۇرالمىسىڭىز، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايسىز، بىراق يۈزىگە قارىمىغىنىڭىز بىلەن ئۇ خىيالىڭىزدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇنىڭغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن قۇتۇلمىغان بولىسىز! ئىش قىلىپ مەن سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزغا ئېرىشسەم، مەندە سىزگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت بولىدىكەن، ئادەمنىڭ ۋىجدانى بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپمايدۇ.

تەتۈرىنى ئېيتساق ئەڭ خۇشاللىق ئىش نېمە؟ ئەلۋەتتە، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئادەم ھاياتىدىكى بىرىنچى خۇشاللىق ئىش. «يەلكەمدىكى تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بولدى» دېگەن سۆز تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان. ئادەمنىڭ بۇنداق چاغدىكى خۇشاللىقنى تەسۋىرلەش قىيىن. مەسئۇلىيەت قانچە ئېغىر، ۋاقىت قانچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسا، ئۇنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىنكى خۇشاللىققا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ. قىسقىسى، ئازابتىن كېيىن ئېرىشكەن خۇشاللىقنى ھەقىقىي خۇشاللىق دېسە بولىدۇ. بۇ خىل ئازاب بىلەن خۇشاللىق دەۋرلىنىپ تۇرغاندىلا ھايات ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماي، ۋىجدان ئازابى تارتىپ تۇرسىڭىز، ئۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ.

## ئىرادە ۋە ئارمان

تۇغۇلۇش — ئىنسان ئۈچۈن بىر بەخت. ياشاش جەريانى شۇ

بەختنى نۇرلاندۇرۇش ياكى ئۆچۈرۈش جەريانىدۇر. شۇڭا مۇتەپەككۇرلار: «تەقدىرنىڭ تەدبىرىڭگە باغلىق» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىنساننى تەدبىرلىك قىلغۇچى ئەنگۈشتەر — ئىرادىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق مۆجىزە ـ ئىختىرالارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىرادىنىڭ قۇدرىتىدىن كەلگەن.

ئەبۇ نەسىر فارابى ئىرادە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىرادىگە باغلىق. ئىرادىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئادەمگە باغلىق». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك قىممىتى ئۇنىڭ ئىردىسىدە، تىرىشچانلىقى بىلەن شىجائىتىدە بولىدۇ. ئادەمدىكى قىزىقىش، ھەۋەس ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك. ئۇ ئىنساننىڭ ھەرىكىتىگە تۇرتكە بولىدۇ. بىز ئىنسانىيەتنىڭ مەقسەت ـ مەنزىلىنىڭ تۇنجى باسقۇچى ـ قىزىقىش، ھەۋەس دېسەك، ئۇنىڭ كېيىنكى جەريانلىرى پۈتۈنلەي ئىرادىدۇر. ئىنساننىڭ تەقدىر ـ كەچمىشى مۇشۇ جەرياندا يېزىلغان بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن مەغلۇپ بولغۇچىلار ياكى قىممەت ياراتقانلار بىلەن يارىتالمىغانلار مۇشۇ جەرياندا ئايرىلىدۇ.

كەشپىيات پادىشاھى ئېدىسون پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغىچىلا ئوقۇغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىرادىسىنى، ئىشەنچنى قەدەممۇقەدەم ئاشۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز ھاياتىدا 2000 خىلدىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا مەسىلىنىڭ نىگىزى بىر ئادەمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىقى بولماستىن، بەلكى ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پارس شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئىدى مۇنداق دەيدۇ: «ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى پۇلى يوق ئاشىققا، بىلىمسىز ساياھەتچى قاناتسىز قۇشقا، ئەمگىكى يوق ئالىم مېۋىسىز دەرەخكە، ئىلىم-

سىز زاھىت ئىشىكسىز ئۆيگە ئوخشايدۇ.

پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇر، كانادالىق كۆچەيرىنىنى يېڭىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچى بىلەن ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى نامايان قىلدى.

تەكلىماكان مەلىكىسى گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا تەكلىماكان قۇملۇقىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئەرلەرگىمۇ ئارمان قالدۇردى. تەڭرىتاغ ئوغلانى جورئەت ئوبۇلقاسىم جۇڭگونى موتوسىكلىت بىلەن ئايلىنىپ چىقىش ئىرادىسى بىلەن 73 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەر ئەتراپتىكىلەردىن، باشقىلاردىن، ھەتتا مۇھىت، شەرت ـ شارائىتتىن زارلاپلا ئۆتىدۇ. ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغانىنىڭ ئۈستىگە باشقىلاردىن رەنجىيدۇ. رۇس پېداگوگىكى سۇخوملىنسكى: «ئۆزۈڭدىكى ئىرادە سۇسلۇقىنىڭ ئەڭ ئاددىي بەلگىلىرى بولغان مىشچانلىقنى، نازۇكلۇقنى، تېرىككەكلىكىنى، يىغلاڭغۇلۇقنى، غەيرىي مەنمەنلىكنى تۈزەت. چۈنكى ئۇ ئىللەتلەردىن شەخسىيەتچىل خاراكتېرىڭ كۆچىيىپ قالىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا بىز ئىرادىسىزلىكنىمۇ ئىللەت دەيمىز.

بۈرۈنقىغا سېلىشتۇرغاندا ھەرقايسى جەھەتلەردە ھەممە نەرسە تەل بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بەزى كىشىلىرىمىزدە، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا بۇ خىل ئىللەت خېلىلا كۈچىيىپ قالدى. ھەممىمىز بۇ بىر دەۋرنى رىقابەت دەۋرى، ئۆگىنىش دەۋرى، ئىزدىنىش دەۋرى دەۋاتىمىز ـ يۇ، گەپكىلا ماھىر بولۇپ، ھەردەكەتتە قابىلىيەتسىز قېلىۋاتىمىز. بىر قىسىملىرىمىز يەنىلا بەخىرامان، بوشاڭ، ياشاۋاتىمىز، ئىرادىمىز، كىرىزىس تۇيغۇمىز ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئىرادىسىزلىك ــ ماھىيەتتە ئەقىدىسىزلىكتۇر. ئەقىدىسىز ئادەمدىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ئەڭ ئەقەللىيسى مەكتېپ-

مىزدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىز تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمايدۇ. بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئوقۇتىدىغانلىقىنىمۇ تازا بىلىپ كەتمەيدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىزدا ئويۇن خۇمارلىق، ئۆگەنمەسلىك، ئىستىقبالىنى ئويلىماسلىق كۆچىيىپ «بەخت ئىچىدىكى بەختسىزلەر» كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىرادىسىزلىكتىن، مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەم قانچە مەسئۇلىيەتسىز بولغانسېرى تۇرمۇشقا، ئەتراپتىكى ئىشلارغا شۇنچە بىپەرۋا قارايدۇ. ئۇلار بىپەرۋالىق، بىخۇدلۇقنىڭ پالاكەت بىلەن قوشكېزەك ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

ئادەم نامراتلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى ياكى بايلىقى تۈپەيلى خۇدىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. توققۇزى تەل باي ئىرادىسىزلىكى تۈپەيلى كەمبەغەلگە ئايلىنىپ كېتىشى، ھېچنېمىسى يوق گاداي مەقسەت يولىدىكى ئىرادىسى بىلەن باي بولۇپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن. تالاي ئارمانلار ئىرادە بىلەن ئېچىلىدۇ. تالاي ئارمانلار ئىرادىسىزلىكتىن توزۇپ كېتىدۇ. ئىرادە ئاشۇنداق قۇدرەتلىك، ئىرادە ئىنساننىڭ قانىتى. توغرا ئىرادە ـ ئىنساننى شۇ مەنزىلگە باشلايدىغان يوق. ئىنساننى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشقا ئۈندەيدىغان ئەڭ خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەردۇر.

سۆيۈملۈك دوستلار، ئىرادىدىن ئىبارەت ئەڭگۈشتەر ھەممىمىزدە بار. ئۇنى قانداق تېپىش، بىر غايىۋى كۈچنىڭ مەدىتىگە ئەمەس ئۆزىمىزگە باغلىق. مېنىڭ سىزگە شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. «ئىرادىنىڭ سېپىنى تۇتالىغان ئادەم غالىبىيەتچىدۇر. ئىرادىنىڭ سېپىنى تۇتالمىغان ئادەم مەغلۇبىيەتچىدۇر. سىز غالىبىيەتچى بولۇشنى خالامسىز ياكى مەغلۇبىيەتچى بولۇشنى خالامسىز؟

سىزدىكى ئىرادە ـ پىلانسىز ھەرىكەت، قۇرۇق خىيال،

ئورۇنسىز ئورۇنۇش بولمىسىلا سىز ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئىرادىنى قانات قىلىپ كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلەيسىز!

## ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولۇڭ

ھايات سەپىرىمىزدە ھەرخىل ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز. ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش ھايات مەنتىقىمىزگە باغلىق. مۇنداق بىر مەسەل بار: ئىككى پاقا ئوزۇقلۇق ئىزدەپ يۈرۈپ ئېھتىياتسىزلىقتىن يول بويىدىكى بىر سۈت چېلىكىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. پاقىلارنىڭ بىرى «تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، بۇ چېلەكتىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيمەن» دەپ ئويلاپ، بىردىنلا بوشىشىپ سۈتكە چۆكۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىر پاقا بۇ قىسمەتتىن ئۈمىدسىزلەنمەي چېلەكتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىركىشىپ، چېلەك ئىچىدە توختىماي سەكرەپتۇ. ياشاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق تىرىشىشىدا تولۇق نامايان بوپتۇ. بىر چاغدا بۇ پاقا ئايىغى ئاستىدىكى سۈتنىڭ قويۇقلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ توختىماي سەكرىشى نەتىجىسىدە سۈت پىشلاققا ئايلانغانىكەن. توختىماي كۈرەش قىلىش ۋە ئېلىشىش ئاخىرى ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. پاقا چېلەكتىن سەكرەپ چىقىپ، كۆڭۈللۈك ماكانى — زۇمرەت كۆلگە قايتىپتۇ.

125

دېمەك، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا مۇستەھكەم ياشاش ئېتىقادى بىلەن توختىماي كۈرەش قىلساقلا ھەم ئۆزىمىزگە «مەن چوقۇم بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك» دەپ مەدەت بېرەلىسەكلا، قىيىن ئۆتكەلدىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيمىز. ئەگەر قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا تېڭىرقىساق، ئۆزىمىزنى تۈگەشتىم، دەپ قارىساق، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە تۈگىشىپ كېتىمىز. شۇڭا ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق شارائىتتا ئۈمىدۋار

بولۇپ، ھاياتىمىزنى قىزغىن سۆيۈشىمىز كېرەك.

## ناۋادا ئىرادىڭىزنى يوقاتسىڭىز

بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە.

تەجرىبە ئىشلىگۈچى ھەربىي دوختۇر، تەجرىبە ئوبيېكتى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسىر. ھەربىي دوختۇر ئەسىرنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، كارىۋاتقا باغلىغاندىن كېيىن تومۇرىغا بىر تال ئوكۇل يىڭنىسىنى سانجىپ يىڭنىگە ئۇلانغان نەيچىنى كارىۋات يېنىدىكى داسقا قويغان ھەم ئەسىرگە «بىز سېنىڭ قېنىڭنى تۈگىگۈچە ئاققۇزىمىز...» دېگەن. بۇ گەپتىن ئەسىر جىددىيلىشىپ گاڭگىراپ قالغان، شۇنداقلا تەدرىجىي سېزىمىنى يوقاتقان... ئىككى كۈندىن كېيىن ھېلىقى ھەربىي دوختۇر ئەسىرنى كۆزىتىشكە كىرگەندە ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بايقىغان. ئەمەلىيەتتە، ھەربىي دوختۇر ئەسىرنىڭ قېنىنى ئاققۇزمىغانىدى، ھېلىقى نەيچىنىڭ بىر ئۇچىمۇ پۈتۈك ئىدى. داسقا چۈشكەن تامچىلار سۇ بولۇپ كىچىككىنە تۆشۈكى بار ئۈسكۈنىدىن تامچىلاپ چۈشۈرۈلگەنىدى. ئەسىر ياشاش ئىستىكى ۋە ئىرادىسىنى يوقاتقانلىقتىن ھاياتىدىن ئايرىلغان. سەھىيە مەركىزىدە ئىشلەيدىغان دوستۇم ماڭا، كىشىلەردە بىر خىل دېلىغۇللۇق كېسىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئىرادىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاچقا كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، تۇرمۇشى باياشات، بەختلىك بولسىمۇ، لېكىن ياشىغاندىن ئۆلگەن تۈزۈك... دەپ قارايدىغانلىقىنى، سۆزلەپ بەردى.

ئىرادىسىنى يوقىتىش ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر.

## سەپتىن چۈشۈپ قالماي دېسىڭىز ئۆگىنىڭ

ئۆگىنىش ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما. بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن، ئىلگىرىلىشىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشى شۇ ئادەمنىڭ داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئىجتىھات قىلىش - قىلماسلىقىغا باغلىق. ئوخشاش ئورۇن، ئوخشاش شارائىتتا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تېزلا ئىلگىرىلەپ، خىزمەتتە نەتىجە قازىنىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىزچىل ئۆگە-نىشكە ئىجتىھات كۆرسەتكەنلىكىدە.

ئۆگىنىش تىلغا ئېلىنسىلا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، كەسپتە ئۇتۇق قازانغان بىر ئاغىنەم يادىمغا كېلىدۇ. ئۇ ئەسلىي يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورمانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، ئەمما ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، «ئۆگەنگەن كەسپىمدىن باشقا كەسپتە ئىشلىسەم قىينىلىپ قالىمەن» دېمەي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت ئىزدەپ، يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان خەۋەر-لىشىش شىركىتىگە ۋاقىتلىق توختام بىلەن ئورۇنلاشتى. ئۇ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، پېشقەدەملەردىن، خىزمەتداشلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى، ئىشنىڭ ئېغىرىنى تاللىشىپ قىلدى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇپ، تورغا چىقىپ ماتېرىيال كۆرۈپ، خەۋەرلىشىش كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نەزەرىيە ئاساسىنى پۇختىلىدى ھەم ئۆگەنگەنلىرىنى خىزمەتتە دادىل ئىشلەتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۇزۇكسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئۇزاققا قالمايلا شىركەتنىڭ رەسمىي خىزمەتچىسى بولدى، يەنە تېخى شىركەتتىكى ئەتىۋارلىق تايانچ خادىمغا ئايلاندى...

دېمەك، ئۆگىنىمەن دېگەن ئادەمگە ھەر ۋاقىت پۇرسەت بار، پۇرسەتنى چىڭ تۇتقانلارغا ئەلۋەتتە نۇسرەت بار بولىدىكەن. ئۇلۇغ

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە «كىشى ئۆگىنىش بىلەن ئالىم بولۇر، بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئۆتۈلىنۇر» دېگەن. بىلىم ئۆزۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ساپاسىغا يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇۋاتقان ھازىرقى دەۋر خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈچۈنمۇ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈنمۇ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئۆگەنمەي بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، زامانغا باب تونۇش يېتىلدۈرۈش، ئېھتىياجغا قاراپ نىشانلىق ئۆگىنىش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش تولىمۇ مۇھىم.

ئادەم ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشكە موھتاج بولىدۇ، چۈنكى بوشاشماي ئۆگىنىپ، ئۆزۈكسىز تاكامۇللاشقاندىلا، ھايات مەنزىلىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى، ئىرادىسىنى تاۋلىغىلى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، دۇرۇس ئادەم بولۇشتىكى ئاساسىي قائىدىلەرنى چۈشىنىۋالغىلى؛ ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تونۇپ، تېز ئىلگىرىلىگىلى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماھارەت ئىگىلەپ، پايدىلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، كەسىپتە ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، ھازىر قىسمەن كىشىلەردە ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان، قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيدىغان، تەكىتلىسە ئۆگىنىپ، تەكىتلىمىسە ئۆگەنمەيدىغان ھالەت باش كۆتۈرۈپ قالدى. بەزىلەر ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلمەيدۇ، بەزىلەر خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ، «كونا دەسمايە»گە تايىنىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، يەنە بەزىلەر بوش ۋاقىتلىرىنى ئويۇن ـ تاماشا، تۈگىمەس مېھماندارچىلىق، قۇرۇق پاراڭۋازلىقلارغا بىھۇدە قۇربان قىلىۋاتىدۇ. ئۆگىنىشكە ھەقىقىي ئىشتىياق باغلىيەلمەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن يۇقىرىقىدەك بىھۇدىلىكلەردىن قول ئۈزۈشىمىز كېرەك.

بىزدە: «ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ھەقىقىي ئۆگىنىمەن، بىلىم ئىگىلەيمەن دەيدىكەنمىز، ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىشتەك ناچار ئىللەتنى تۈگىتىپ، زېرىكمەي، ھارماي ـ تالماي ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىلىمنىڭ چېكى بولمىغانىكەن، ئۆگىنىشنىڭمۇ چېكى بولمايدۇ. بۇرۇن خىزمەت سەۋىيەمىزنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى داۋاملىق يۇقىرى بولۇۋېرىدىغانلىقىدىن، بۇرۇن بىلىملىك بولغانلىقىمىز يەنىلا بىلىملىك بولۇۋېرىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر داۋاملىق ئۆگەنمىسەك، بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىمىز يىللارنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كونىرايدۇ ـ دە، بىلىپ ـ بىلمەيلا بىلىمسىزلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالىمىز ھەم رەھىمسىز رىقابەت داۋامىدا مۇقەررەر شاللىنىپ كېتىمىز. دېمەك، خىزمەت سەۋىيەسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشنى، داۋاملىق بىلىملىكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشنى، دەۋرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشنى ئويلىساق، چوقۇم ئۆگىنىشكە باشتىن ـ ئاخىر ئىجتىھات قىلىپ، ئېڭىمىزنى يېڭى نەزەرىيە، يېڭى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، بىلىم سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىشنى كۈندىلىك ئادىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ، بىر كۈن ئۆگەنمىسەك كۆڭلىمىز غىزا تارتمايدىغان، كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرسەكلا، زاماننىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ دادىل ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

خىزمەت داۋامىدا ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۆگىنىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، ئۆگىنىشتىكى مەقسەت تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەپ، نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، بىلىم سەۋىيەسى، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقىمىز، قانچىلىك

خاتىرە قالدۇرغانلىقىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ساپايىمىز ھەم خىزمەت ئىقتىدارىمىزنىڭ قانچىلىك ئۆسكەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. داۋاملىق بوشاشماي ئۆگىنىسەك ۋە ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە دادىل تەتبىقلىساقلا، ئۆگىنىشتە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىزمەت ۋە كەسىپتە ئۇتۇق قازىنالايمىز. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئۆگىنىپ پىكىر يۈرگۈزمىگەنلىك، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىيالماسلىق ئۆگەنمىگەن بىلەن باراۋەر.

قارا ـ قويۇق ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بەزىلەر ئۆگىنىشتە نىشانى ئېنىق بولمىغاچقا، بەش كۈن كومپيۇتېر ئۆگەنسە، ئون كۈن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ، ئاندىن بۇنىمۇ تاشلاپ يەنە باشقا كەسىپنى تاللايدۇ، نەتىجىدە ھېچقايسىسىنى باشقا ئېلىپ چىقالماي، ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئۆگىنىشتە چوقۇم پىلان ۋە نىشان بولۇشى كېرەك. نېمىنى ئۆگىنىش ۋە قانداق ئۆگىنىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزدە نېمە كەم بولسا شۇنى نۇقتىلىق ئۆگەنسەك ۋە ئۆگىنىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرساقلا، چوقۇم كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.

ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇشتا، ۋاقىتنى قەدىرلەش، بولۇپمۇ بوش ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تولىمۇ مۇھىم. ئېينىشتېين: «ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى بوش ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇش ـ تۇتالماسلىقتا» دېگەن. بۇنىڭدىن ئايانكى، بوش ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇش ـ تۇتالماسلىق ھەربىر ئادەمنىڭ ساپاسى، بىلىم سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى، ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى باھانە قىلماي، بوش ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قارتا، شاھمات ئويناشقا، پاراڭخۇزلىققا، بازار ئايلىنىشقا ئاجراتقان ۋاقتىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا، كەسىپتە ئىزدىنىشكە ئاجراتساق، يېڭى ـ يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، بىلىم قۇرۇلمىمىزنى يېڭىلاپ، تەسەۋۋۇرد-

ىمىزنى كېڭەيتىپ، كەسىپ ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپ، كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزەلەيمىز.

## دوستىڭىز بولالايدىغان بەش خىل كىشى

جەمئىيەت ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ئۆزگىرىپ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا مەلۇم مەقسەت ـ نىشانىدىن سىرت، نام ـ ئابرۇي ۋە زور مەنپەئەتنى قوشۇمچە قىلىۋاتىدۇ. بۇ پەيتتە، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئېنىق بولمىغان راست ۋە يالغانلار ئارىلىشىپ كېلىپ، بىزنىڭ «دوست»قا بولغان كۆزقاراشلىرىمىزغا ئازراق ئەندىشە ئارىلاشماقتا. كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىدە ھەرگىزمۇ بىر ئۆمۈر يالغۇز ياشىيالمايدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆزىنى چىن قەلبىدىن ياد ئەيلەيدىغان دوستقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، تەقەززا قىلىدىغان ۋە ئۈمىد ـ ئارمانلارغا تولغان جەريانىدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، بىز بىراۋ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇزۇن جەريان كۈتمەيلا ئۇنى «دوست» قاتارىغا ئۆتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك. پەقەت تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك كىشىلەرلا سىزنىڭ ھەقىقىي دوست بولۇشىڭىزغا تېگىشلىكتۇر.

1. مەدەت بېرىش تېپىدىكى دوست. بۇ خىلدىكى كىشىلەر دائىم سىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىپ تۇرىدۇ. سىز ئۇ دوستىڭىز بىلەن بىللە بولغاندا خۇددى ھەممە ئىشلىرىڭىز ھەل بولۇپ كەتكەندەك، بارلىق قىيىنچىلىقلىرىڭىز ئاسانغا چۈشكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، سىزگە غايەت زور ئىلھام بېرىپ، ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ تۇرىدۇ.

2. ئېتىراپ قىلىش تىپىدىكى دوست. بۇ خىلدىكى كىشىلەر دائىم سىزگە ئىلھام بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچە-

لىقىنى، ئالاھىدىلىكىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر يەنە ئىنتايىن كەڭ قورساق، ئەتراپلىق، ئىنچىكە بولۇش ئالاھىدە-لىكىگە ئىگە بولۇپ، سىز باشقىلارنىڭ ئىنكاسىدا ئۆز نەتىجە-ڭىزنى، خۇشاللىقىڭىزنى كۆرمىگىنىڭىزدە، بۇ دوستىڭىز دەل شۇ چاغدا سىزنىڭ تولىمۇ توغرا قىلغىنىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە سىزگە زور خۇشاللىق ئاتا قىلالايدۇ.

3. ئورتاق قاراش تىپىدىكى دوست. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزغا ئەڭ يېقىن بولۇپ، ئادەت-تىكى پىكىر ۋە كۆزقاراشلارىدىمۇ ئورتاقلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرى-دۇ. دائىملىق مۇناسىۋەتتە ئوتتۇراڭلاردا جىپسىلىشىش پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئورتاق بولغان قىزىقىش ۋە تۇرمۇش نىشانى ۋە باشقا بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە سىز دائىم ئۆزىڭىزنى ئېخىمۇ تونۇپ تۇرىسىز. بۇ خىل مۇقىم بولغان ئورتاقلىق سىزگە دائىم بىر خىل ئارامبەخش ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

4. ياردەم تىپىدىكى دوست. بۇ خىل دوست سىز بىلەن تونۇشۇپلا، تېز پۇرسەتتە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ دوستىڭىزنىڭ دوستى سىزنى ھەر ۋاقىت تونۇيالايدۇ. بۇ خىل دوست سىز شان ـ شەرەپ قوچقىنىڭىزدا ئانچە پەيدا بولۇپ كەتمەيدۇ. پەقەت سىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا پەيدا بولۇپ سىزگە ئەمەلىي ياردەم بېرىپ، سىزگە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. سىزنىڭ ئاكتىپ پىسخىكىڭىزغا ھەر ۋاقىت يورۇق چىراغ يېقىپ بېرە-لەيدۇ.

5. ھەمراھ تىپىدىكى دوست. بۇ خىلدىكى دوست پەقەتلا يېڭى خەۋەر بولسا، مەيلى خۇش خەۋەر ياكى قايغۇلۇق خەۋەر بولسۇن بىرىنچى بولۇپ سىزگە ئېيتىدۇ. ھەرۋاقىت سىزگە قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. دائىم پىكىرلىشىدىغان ۋاقىت ئاز بولسىمۇ، ئۇياقنىڭ دوستلۇقىقا بولغان چىن ئەقىدە، ساپ كۆڭلى سىزگە ئۇن ـ تىنسىز ھەمراھ بولۇپ كۆڭلىڭىز توق تۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن كېيىن، نىشاننى ئېنىق قىلىپ كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى قوبۇل قىلىڭ. چىن دوستلۇققا تاللاڭ. ئۇلارغىمۇ چىن دوستلۇقنى يەتكۈزۈڭ. لېكىن بەكلا يۇلىنىۋالماڭ. بۇ توغرىسىدا ئامېرىكا يازغۇچىسى پېئېرنىڭ ئېيتقان مۇنداق سۆزى بار: «سىز ئىنتايىن يېقىن دېگەن دوستىڭىزدىن، ھەر ۋاقىت بارلىقىڭىزنى كۈتۈپ يۈرمەڭ».

## قەدىرلەڭ ھەم ۋاز كېچىڭ

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئادەم قەدىرلەش ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاشقا دائىم دېگۈدەك دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ۋاز كېچىش ئىككى تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بىرى، چوقۇم ۋاز كېچىش، يەنە بىرى، قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك، ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بەزى كىشىلەر تولا ھاللاردا ۋاز كېچىشكە سەل قارايدۇ. بولۇپمۇ چوقۇم ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە كۆزى قىيمايدۇ. مەسىلەن، ناچار ئادەت، كونا كىيىم، قولدىن كەتكەن ۋاقىت قاتارلىقلار. ئەمەلىيەتتە قەدىرلەشتىن باشقا ۋاز كېچىشمۇ بىر خىل تاللاش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ۋاز كېچىش توغرا بولغاندا بۇ خىل تاللاش ئۆز نۆۋىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەر كونا ئادەتتىن، بولۇپمۇ ئىلگىرى ئۆگىنىپ قالغان ناچار ئادەتتىن ۋاز كەچمىگەندە ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. ياخشى ئادەت يېتىلمىسە، ياخشى ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرۈپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئىشى ئەپلەشمىگەن كىشىنىڭ ھاياتى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، پۇرسەت ھەر كۈنى دېگۈدەك تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتالمىغان كىشىنىڭ ھاياتى مەڭگۈ ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ئىچىدە ئۆتىدۇ.

133

شۇڭا ۋاز كېچىشمۇ بىر تەرەپ. ۋاز كېچىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ھەرقانداق نەرسىدىن خالىغانچە ۋاز كېچىۋېرىشكە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەتراپىمىزدا ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان تۈرلۈك ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك نەرسىلەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. يەنى ئۆزاق مۇددەتلىك توغرا نىشاندىن، ۋاپادار دوستتىن، ياخشى خۇلق، ئەخلاقتىن ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق شارائىتتا قەتئىي ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك توغرا نىشان ئۇلۇغلۇققا يېتەكلەيدۇ.

ئۇلۇغلۇق قانداقتۇر يەتكىلى بولمايدىغان پەللە بولماستىن، بەلكى نىشاندىن ئاداشمىغان كىشى ئۈچۈن يورۇق مەنزىلدۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، نىشانغا يېتىشنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئۆزۈكسىز شۇ نىشان ئۈچۈن ئىنتىلىش — ئادەمنى ھامان ئۇلۇغلۇق مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ.

134

ۋاپادار دوست ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتىدۇر. ئىنسان ھاياتىدا ھامان باشقىلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا تەبىئىي بەزى كىشىلەر بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سىز بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر بولۇشىمۇ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئەمما سىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭىزنى رويابقا چىقىرىشىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئىزچىل ياردەم بېرەلەيدىغان كىشىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر سىز ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلسىڭىز، بەلكىم ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، ۋاپادار دوستتىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىك كېرەك.

ياخشى خۇلق، ئەخلاق ئىنسان ئۈچۈن بىلىمدەك مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر كىشى ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا چوقۇم ئۆز نۆۋىتىدە قەدىرلەش ۋە ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

# ھاياتتىكى ماتېماتىكىلىق ئەمەللەر

بىر ئەدىب ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ھايات ماتېماتىكىلىق ئەمەللەرگە، يەنى قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈشكە موھتاج. بىر كىشىنىڭ كۆڭۈللۈك، بەختلىك، خاتىرجەم بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ كىشىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئەمەللەرنى ھاياتىدا قانداق ئىشلىتىشىنى بىلگەنلىكىدە». شۇنداق، ھايات قوشۇش ئەمىلىگە موھتاج، ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ. ئىنتىلىش تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل، مۇكەممەل، رەڭگارەڭ قىلىدۇ. بىر ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشقاندا، يېڭىدىن بىر ئارزۇغا ئىنتىلىپ تۇرۇڭ. جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ توختاۋسىز ئىنتىلىشىدىن ھاياتى قىممەت ۋە مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ھايات ئېلىش ئەمىلىگە موھتاج. پەيلاسوپلار: «ھايات ئاپتوموبىلغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارى چەكلىك، زىيادە كۆپ يۈك ئاپتوموبىلنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قويىدۇ» دەپ قارايدۇ. ھايات چەكلىك، بىراق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر چەكسىز. ئالغا بېسىش ئۈچۈن ھاياتتىكى ئېرىشىش بىلەن يوقىتىشنى توغرا چۈشىنىشىمىز، يەلكىمىزدىكى بىر قىسىم يۈكلەرنى تاشلىۋېتىشىمىز كېرەك. ھايات كۆپەيتىش ئەمىلىگە موھتاج. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇش تىرىشچانلىق بىلەن پۇرسەتكە باغلىق. پەيلاسوپلار: «ھايات يولى ئەگرى ـ توقاي ھەم ئاستا ئىلگىرىلەيدىغان يول، بىراق مۇھىم ھالقا پەقەت بىرنەچچە قەدەم، شۇڭا تىرىشىش ھەقىقەتەن مۇھىم، بىراق پۇرسەتنى تۇتۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم» دەپ قارايدۇ. ھايات بۆلۈش ئەمىلىگە موھتاج. ئىلگىرى بىر مۇتەخەسسىس بەختنىڭ مۇنداق بىر فورمۇلاسىنى يېزىپ قالدۇرغان: بەختنىڭ دەرىجىسى ـــ نىشانىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى قىممىتىنى نىشانىنىڭ ئارزۇدىكى قىممىتىگە بۆلگەنگە تەڭ. دېمەك، ئەگەر

نىشاننىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئارزۇدىكى قىممىتى قانچە چوڭ بولسا بەختنىڭ دەرىجىسى شۇنچە كىچىك بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بەختنىڭ دەرىجىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، شۇڭا نىشان كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. مۇھىمى نىشاننى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ بېكىتىش.

## گۈل تەبىرلىرى

ئاق ئەتىرگۈل — ساپلىق، ھۆرمەتنىڭ سىمۋولى.

قىزىل ئەتىرگۈل — مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى.

ھال رەڭ ئەتىرگۈل — تۇنجى مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى.

سېرىق ئەتىرگۈل — ئەپۇ سوراشنىڭ سىمۋولى.

كونىن گۈلى — ئانىغا بولغان مۇھەببەت بىلەن بەخت تىلەشنىڭ سىمۋولى.

گۈلسۆسەر — كۆندىن ـ كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ سىمۋولى.

كۈركۈم گۈلى — گۈزەل تۇرمۇشنىڭ، بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى.

پەيسىمان قۇش گۈلى — ئېگىز ئۆرلەشنىڭ سىمۋولى.

جەننەت قۇش — ئەركىنلىككە، خۇشاللىققا، قۇتلۇقلاشنىڭ سىمۋولى.

ئافرىقا جۇخار گۈلى — قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىقنىڭ سىمۋولى.

بوتا كۆز — ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئۇنتۇماسلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، مەڭگۇ ئەسلەشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شېرىن گۈل — دوستلۇقنىڭ، مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى.

ياپونىيە جىنچاتقىلى — ئۇزۇن يىللىق ياشلىق باھارىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ سىمۋولى.

# ئەتىرگۈلنىڭ سانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى

بىر تال ئەتىرگۈل — قەلبىمدە پەقەت سىزلا بار.

ئىككى تال ئەتىرگۈل — سىزمۇ ياخشى، مەنمۇ ياخشى. توينىڭمۇ مەنىسى بار.

ئۈچ تال ئەتىرگۈل — مەن سىزنى سۆيىمەن.

تۆت تال ئەتىرگۈل — تونۇشقىنىمدىن خۇشالمەن، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە سالامەتلىك، بەخت سىزگە يار بولسۇن.

بەش تال ئەتىرگۈل — سۆيگۈنۈمگە پۇشايمىنىم يوق.

ئالتە تال ئەتىرگۈل — مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنىڭ سىمۋولى.

يەتتە تال ئەتىرگۈل — سىز بىلەن ئۈچرىشىشنى خالايمەن، مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

سەككىز تال ئەتىرگۈل — قەدىرلەشنىڭ سىمۋولى.

10 تال ئەتىرگۈل — كامالەتكە يەتكەن.

11 تال ئەتىرگۈل — چىن سۆيگۈ، بىر نىيەت، بىر مەقسەت.

12 تال ئەتىرگۈل — قانائەتلىنەرلىك مۇھەببەت.

19 تال ئەتىرگۈل — بىر ئۆمۈر، ئۆلگۈچە.

20 تال ئەتىرگۈل — ئەبەدىلئەبەد سىزنى سۆيىمەن، مۇھەببىتىم ئۆزگەرمەس.

24 تال ئەتىرگۈل — رومانتىك پۇراق.

30 تال ئەتىرگۈل — مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلىڭ.

33 تال ئەتىرگۈل — ئەبەدىلئەبەد ئۆزگەرمەسلىك.

88 تال ئەتىرگۈل — تولۇقلاشقا تىرىشىمەن.

99 تال ئەتىرگۈل — ئۆلگۈچە ئايرىلمايمىز.

100 تال ئەتىرگۈل ـــ مەڭگۈ بىللە ئۆتىمىز.
365 تال ئەتىرگۈل ـــ كۈندە سىزنى ياخشى كۆرىمەن.
999 تال ئەتىرگۈل ـــ ئەبەدىيلىككە تولغان چەكسىز مۇھەببەت.
1001 تال ئەتىرگۈل ـــ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيمىز.

## ھەممە نەرسە شەرتلىك بولىدۇ

بىر ئادەمنى شەرتسىز سۆيمەن دېمەڭ، مۇھەببەت ھامان شەرتلىك بولىدۇ. سىز قارشى تەرەپتىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايسىز، پەقەت ئۇنىڭ سىزنى سۆيۈشىنى تەلەپ قىلىسىز، ئەجەبا، بۇ شەرت ئەمەسمۇ؟

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى سۆيۈشىمۇ شەرتلىك بولىدۇ. شەرتى پەرزەنتى چوقۇم شۇلارنىڭ پەرزەنتى بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭ پەرزەنتى بولسا، ئۇلار ئۇنى سۆيمەيدۇ. ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئۇنى قوغداپ قالالمايدۇ.

«مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى شەرتسىز سۆيىمەن، مەن ھەتتا ئۇنىڭ مېنى سۆيۈشىنىمۇ تەلەپ قىلمايمەن» دېدى بىر قىز. شۇنداق، يىگىت ئۇ قىزنى سۆيمىگەن تەقدىردىمۇ، قىز يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئۆمۈر بىرگە بولۇشنى خالايدىكەن. دېمەك، قىز ئۇنىڭ تالانتىنى سۆيىدۇ دېگەن گەپ. ئەگەر يىگىت تالانتلىق بولمىسا، قىز ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەرمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ مۇھەببىتى يەنىلا شەرتلىك بولدى دېگەن گەپ. قىزلار ھېچقانداق تالانتى ۋە ئىستىقبالى بولمىغان، كارغا كەلمەس يىگىتلەرنى سۆيسە بولىدۇ. «بۇنىمۇ شەرتسىز مۇھەببەت دېيىشكە بولامدۇ؟» دەپ سورىدى قىز. بىراق، قىز يىگىتتىن ئۆزى بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىشنى، يېتەرسىزلىكلەرنى

تۇزىتىشكە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يىگىتتىن ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلىش شەرت بولماي نېمە؟

«مەن مۇشۇ قىزنىلا سۆيىمەن» دېدى يىگىت. ئەگەر قىز چىرايلىق، ئەقىللىق بولمىسا، ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى يىگىتكە ياقمىسا، يىگىت يەنىلا ئۇ قىزنى سۆيەرمۇ؟ قىز چوقۇم يىگىتنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەچكىلا، يىگىتنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولىدۇ.

بىز ھەممىمىز چوقۇم بىرەر شەرت ئاستىدا باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولىمىز ھەمدە باشقىلارنىمۇ مەلۇم شەرت ئاستىدا سۆيىمىز. دۇنيادا شەرتسىز مۇھەببەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلگەنىكەنسىز، باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ شەرتلەرنى ھازىرلاشقا تىرىشىڭ، شۇنىڭدەك بەزى شەرتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپ، باشقىلارنى سۆيۈشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭ.



## ئۆزىڭىزگە ئاز ـ تولا ئەپسۇسلۇق قالدۇرۇڭ

دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، تۇرمۇشنىڭ پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولۇشىنى قوغلاشماسلىق كېرەك. قەدىمدىن ھازىرغىچە، دۆلەت ئىچىدىن چەت ئەللەرگىچە مەيلى مەنسەپدار بايلار بولسۇن ياكى ئاددىي پۇقرالار بولسۇن ھېچكىم مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن ئەمەس، شۇڭا ئۆزىگە ئازراق ئەپسۇسلۇق قالدۇرۇپ قويۇش كىشىلىك ھاياتتىكى بىر خىل گۈزەللىك. ئۆزىگە ئازراق ئەپسۇسلۇق قالدۇرۇپ قويۇش ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋېلىش دېگەنلىكتۇر. كىشىلىك ھايات نۇرغۇن تاللاشلارغا دۇچ كېلىدۇ. بەزى تاللاشلارنىڭ ئۆزى بىر خىل ئەپسۇسلۇق، بۈگۈننى قولدىن بېرىپ قويۇش (يوقىتىش) ئەتىكى ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. ۋاقىتلىق

ئەپسۇسلۇق بەلكىم ئېغىمۇ كۆپ بەخت ئېلىپ كېلەلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە تاللاشنى بىلمىگەن، ھەممە نەرسىگە ئېرىش- سەملا دەيدىغان كىشى ئاخىرى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىككى توشقاننى تەڭ قوغلىسىڭىز ئاخىرىدا ھېچقايسىسىنى تۇتالمايسىز. ئۆزىگە ئارزاق ئەپسۇسلۇق قالدۇرۇپ قويۇش ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش دېمەكتۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئۈمىد ـ ئارزۇ بولۇشى كېرەك. ئەمما ھەددىدىن ـ زىيادە ئارزۇ قىلىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئۈمىد ـ ئارزۇ بولمىسا كىشىلىك ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ. ھاياتلىق ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ھەددىدىن زىيادە كۆچلۈك ئارزۇ پەقەت بىر خىل قانائەت قىلالماسلىق بولۇپ، خۇددى كىۋافونىڭ قۇياشنى قوغلىشىغا ئوخشاش پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپمۇ قوغلاپ يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن ئارزۇ خۇددى قېيىپ كەتكەن قېيىقتەك نىشان قىلغان قىرغاقتا يېتىپ بارالمايدۇ. شۇڭلاشقا تۇرمۇشتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق، كۆچى يەتكۈچە قىلىش، قارى- غۇلارچە باشقىلار بىلەن بەسلەشمەسلىك، باشتىن ـ ئاخىر تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، ئېرىشىش ۋە يوقىتىشقا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇرلۇك ئەپسۇسلۇقلارنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا باتۇرلارچە يۈزلىنەلەي- دىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان كىشىلەر شۈبھىسىزكى، بەختلىك، خۇشال كىشىلەردۇر. لېۋ تولستوي ئېيتقاندەك ھاياتلىقتىكى بارلىق ئۆزگىرىش بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن تەركىب تاپقان. شۇڭا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش يۈز بەرگەندە ھەرگىز ھەسرەتلەنمەڭ، ئازابلانماڭ، بەل قويۇ- ۋەتمەڭ، بەلكى ھەممە ئىشلار ئۆز يولى بويىچە بولىدۇ دەپ ئويلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەڭ.

## سەممىمىيلىك نۇر چاچسۇن

سەممىمىيلىك يالغۇز پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ كىچىك ئىشلىرىمىز. سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. سەممىمىي بىر سودىگەر ئەڭ كۆپ خېرىدارلارغا ئىگە بولالايدۇ. سەممىمىيلىكنى مىزان قىلغان بىر شىركەتلا ھەقىقىي ساغلام مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدۇ. سەممىمىي بىر يىگىتلا ھەقىقىي سۆيگۈنىنىڭ ئىشىكىنى چېكەلەيدۇ. ئەكسىچە سەممىمىيلىكتىن ئايرىلساق بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى ساختىلىق، ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق ئىگىلەيدۇ. سەممىمىيلىك بولغاندىلا ئاندىن ئادىمىيلىك، ۋىجدان، ۋاپا دېگەنلەر بولىدۇ. غەيۋەتخور، ئىككى يۈزلىمچى ئادەملەر سەممىمىيلىكنى بىر خىل نادانلىق دەپ قارايدۇ. سەممىمىي ئادەملەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. جاھاننىڭ مىڭ بىر قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرىدا ئەلۋەتتە سەممىمىيلىك ۋە سەممىمىي ئادەملەر ھەقىـ قەتەن بەزى ھاللاردا زىيان تارتقۇچى ياكى ئەخمەقلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە. سەممىمىيلىك گويا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ... ئانچىلىك بۇلۇتلارنىڭ توسۇـ ۋېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بۇلۇتلارنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. قۇياش ھامان بۇلۇتلار ئارىسىدىن يېرىپ چىقىپ جاھاننى ئىللىتىدۇ.

رەزىل ئادەملەر ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن زەئىپلىشىشىنىڭ ھۇزۇرىنى ۋاقتىنچە سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنىڭ ـ ساختىلىقىنىڭ ۋاقىتلىق مېۋىسىنى تېتىپ بولغاندىن كېيىن سەممىمىيلىك لەنىتىگە قالىدۇ. مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق كىرنى يۇغىلى بولسىمۇ لېكىن،

ئىناۋەت، ھۆرمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى روھىي داغنى يۇغىلى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ياد ئېتىلمەيدۇ.

سەممىي ئادەملەر ھەرقاچان سەۋرچان بولىدۇ. ۋاقىتلىق ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ. لەۋزىدە تۇرىدۇ. ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇ. دوستۇم ھەر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالساڭمۇ سەممىيلىكتىن ئايرىلىپ قالما!

## ئادەم مۇشۇنداق ياشاش كېرەك

مۇھەببىتىڭىزنى ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىغا، قېرىنداشلارغا، ئاندىن سۆيۈشىڭىزگە ئەرزىيدىغان كىشىلەرگە بېغىشلاڭ. ھاياتىڭىزنى مەنىلىك ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ. باشقىلاردىن رەنجىمەڭ، باشقىلاردىن رەنجىشكە ھەققىڭىز يوق. رەنجىشكە توغرا كەلسە، پەقەت ئۆزىڭىزدىنلا رەنجىڭ، كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭ. بىرەرنى ياقتۇرمىسىڭىز، مېنى قانچىلىك كىشى ياقتۇرىدۇ دېگەننى ئويلاڭ. قولىڭىزدىن كەلسە باشقىلارغا ياردەم قىلىڭ. لېكىن مىننەتسىز، نىيىتىڭىز خالىس بولسۇن. بىرەر مەقسەتتە قىلماڭ. قىلغان ياردىمىڭىزنى ھە دېگەندىلا پەش قىلماڭ. يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭ. باشقىلار سىزگە ئىشىنىدىغان، سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان بولسۇن، ۋاز كېچىشنى بىلىڭ، ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن ھامان بىر كۈنى ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇماڭ. مەيلى نېمە ئىش بولسۇن، قىلغان ئىشىڭىزدىن ئۆكۈنمەڭ، بولۇپ بولغان ئىشقا ئۆكۈنگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، مۇھىمى بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسىڭىزلا بولىدۇ. ھېسسىياتىڭىزنى كونترول قىلىشنى بىلىڭ. شالالاقلىقتىن ساقلىنىڭ. باشقىلار ئالدىدا ئابرۇيغا دىققەت قىلىڭ. ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلىڭ، ئەقلىڭىز بىلەن

روھىڭىز تەۋەككۇلچىلىك روھىڭىزمۇ بولسۇن. مۇستەقىل ئىش قىلىشقا تىرىشىڭ، ھەمىشە باشقىلارغا تايىنىۋالماڭ. نۇقسانلىرىڭىز بارلىقىنى ئۇنۇتماڭ، ئۆزىڭىز ئەڭ ئەقىللىق، نۇقسانسىز چاغلىماڭ. دوستلىرىڭىز بولسۇن لېكىن چاكىنا ئادەملەرنى دوست تۇتماڭ. دوستلىرىڭىز سىزگە يار - يۆلەك بولالايدىغان بولسۇن. كىتاب كۆرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ. بىلمىگەنلىرىڭىزنى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىشكە تىرىشىڭ. ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەننى ئويلاڭ. بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ. قولىڭىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلىۋالماڭ. ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ. غەيۋەتخور بولماڭ. بىر گەپنى بەك كۆپتۈرۈۋەتمەڭ. پىتنە - ئىغۋالارغا ئارىلاشماڭ. ئىغىر - بېسىق بولۇڭ. ئالدىراڭغۇ بولماڭ. بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئويدان ئويلىنىڭ. لېكىن بەزى ئىشلاردا كەسكىن بولۇڭ. لامزەللىكتىن ساقلىنىڭ. چاقچاق قىلدىم دەپ باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ. قىلغان چاقچىقىڭىز يولىدا بولسۇن. ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئالدىراپ ۋاز كەچمەڭ. (ئۈمىد بىلەن ياشىغىن ھەر كۈن، ئارزۇلاپ كۈتكىنىڭ كېلىدۇ بىر كۈن) دېگەن سۆز ئېسىڭىزدە بولسۇن. باشقىلارنى بىزار قىلىپ قويماڭ. ئامىتىڭىزنى ھە دېسىلا كۆز - كۆز قىلماڭ. تۇرمۇشتا ئەمەلىيەتچىلرەك بولۇڭ. رېئاللىق ئالدىدا كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ. كەڭ قورساق بولۇڭ، كىچىككىنە ئىشلارنى دەپ، باشقىلار بىلەن ئازارلاشماڭ. تەرسالىق قىلماڭ. ئۆزۈمنىڭلا راست دېگۈچىلەر ھەقىقەتەن ئەخمەقلەردۇر. باشقىلارغا يول قويۇشنى بىلىڭ. لېكىن ھەممە ئىشلاردا يول قويۇۋەرمەڭ. ئاغزىڭىزغا كەلگەننى سۆزۈم بار دەپ دەۋەرمەڭ. ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلەڭ. سىر ساقلاشنى بىلىڭ. ھەممە ئىشلارنى ئاشكارىلاپ يۈرمەڭ. ئازراق مەخپىيەتلىكىڭىز بولسۇن. مۇھەببەت - نەپرىتىڭىز ئېنىق بولسۇن.

## ھەربىر مىنۇتنى قەدىرلەڭ

ئىشقا كىچىككەن ـ كىچىكمىگەنلىكىڭىزمۇ مۇشۇ بىر مىنۇت ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.

بىز تۇرمۇشىمىزدا جۇدالىق ئازابىغا دۇچار بولغاندا، بىر مىنۇت بولسىمۇ ئۇزاقراق بىللە بولۇشنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. ئەلۋەتتە، قىسقىغىنە بىر مىنۇت ئىچىدە يەنە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ.

ھەربىر مىنۇت ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ «ھە» ياكى «ياق» دېيىشى بىلەن سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن.

گەرچە ھەربىر مىنۇت ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، بىراق تۇرمۇشىڭىزغا چوڭقۇر ئىز قالدۇرالايدۇ. بىر مىنۇت ئىچىدە كىشىلەر سۆيۈش، ئىستەك، ئىزدىنىش بەھرىمەن بولۇش، كەچۈرۈملىك قىلىش، ساقلاش، ئىشەنچ ۋە غەلىبىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

كىمدۇر بىر ئادەم «ھەربىر مىنۇتنى ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتى دەپ بىلىڭ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى ئېسىدە چىڭ تۇتقان بولسا، ھاياتنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋالاتتى.

ھاياتىڭىزنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى قەدىرلەڭ. ئۇنى ئەسلىمىلەر قاينىمىغا خاتىرىلەپ قويۇڭ.

# ھايات ھېكايەتلىرى

## تۇنۇگۇن، بۇگۇن، ئەتە

دۇنيادا مۇئەييەن تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولغان ھەرقانداق شەيئى-نىڭ ئۆتمۇشى، كەلگۇسى ۋە ھازىرى بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئالەم تۇنۇگۇن، بۇگۇن ۋە ئەتىنىڭ بارلىقى بىلەن مەۋجۇت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالەمنى ئالەم قىلغان ئاشۇ تۇنۇگۇن، بۇگۇن ۋە ئەتىدىن ئىبارەت ئۇچ قېرىنداش. پاكىت شۇكى، تۇنۇگۇن بۇگۇننىڭ ئانىسى. بۇگۇن بولسا ئەتىنى تۇغىدۇ. شۇڭا بۇگۇننىلا تونۇپ، ھازىرنىلا ئويلاپ، تۇنۇگۇننى قارىلاش، ئەتىنى قارغاش ئاقىللىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بەزىلەر: «تۇنۇگۇن ــ ۋاقتى ئۆتكۇن چەك، ئۆتۇپ كېتىدىغان» دەيدۇ. بىراق ئالدىڭغا قاراپ باق، ئەنە ئاشۇ سۇپسۇزۇك سۇنى ئىچىۋاتقان قۇدۇق بۇگۇنلا ئاپىرىدە بولۇپ قالغان ئەمەس، ئۇنى دەسلەپ سېنىڭ بوۋاڭ كولىغان. كېيىن داداڭ نەچچە رەت ئۇنىڭ لاي ـ لاتقىلىرىنى ئېلىپ كۆزىنى قايتىدىن ئاچقان، ھالبۇكى سەن بۇگۇن ئۇنىڭ سۇيىنى ئىچىۋېلىپلا مەزكۇر قۇدۇقنى كولى-غۇچىنى ئۇنتۇپ كەتسەڭ بولامدۇ ۋە ئۇنتۇپ كېتەلىشىڭ مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟!

دۇرۇس، سەن دېگەندەك بوۋاڭ قاراڭغۇ ئۆتكۇردە ياشىغان، ئەجدادىڭ بۇگۇن سەن ئېرىشكەندەك ئوچۇقچىلىقتا، يورۇقلۇقتا مۇيەسسەر بولالمىغان بولغىيدى. بىراق ئېسىڭدە بولسۇن، سېنىڭ بوۋاڭ، ئۇ قاراڭغۇ ئۆتكۇردە نىشانسىزلا تېمىسقىلاپ يۇرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردە ئۇ «ھالال ئەمگەك» ماركىلىق ھايات

145

مەشئىلىنى يورۇتقان. ئىجاد ـ مېھنەتنى بىلەن جاھالەت ئۆڭكۈ ـ رىنى تېشىپ، بۈگۈنكى ئۇچۇقچىلىق ۋە يورۇقلۇققا يول ئاچقان.

راست، داداڭنىڭ نادانلىق تۈنىدە تېڭىرقاپ يۈرگەنلىرىمۇ باردۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ رايى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن سادىر قىلغان ئاداققى گۇناھى ئەمەس، ماقۇل ئۇ شۇنداق گۇناھ سادىر قىلغانمۇ بولسۇن، شۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ئەيىبلىكمۇ؟ ئۇنىڭ ساڭا قالدۇرغان تەجرىبىسى ھېچبىر ئەھمىيەتلىك ئەمەس ـ مۇ؟ تۈنۈگۈن ـ بۈگۈن ئۈچۈن ئەينەك. تۈنۈگۈن بۈگۈن ئۈچۈن تەجرىبە خەزىنىسى، ھەتتا، تۈنۈگۈنكى ئەلەم، جاپا ۋە قاباھەتلىك چۈشلەرمۇ بۈگۈن ئۈچۈن تىلغا ئېلىش، ئەسلەش، ساۋاق ئېلىش، ئۆرنەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە. چۈنكى، تۈنۈگۈنكى ئوڭۇش ـ سىزلىق بۈگۈنكى غالىبىيەتنىڭ ئۆز ئانىسى، تۈنۈگۈنكى جاپا ـ مۇشەققەت بولسا، بۈگۈنكى راھەت ـ پاراغەتنىڭ ئىبرەت تانى ـ سىدۇر. دەرۋەقە، «يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى» چۈشەنچى ـ سىنى چىقىش قىلىپ، «يىللارنىڭ ئۆمرىنى ئوغرىلاپ، ئارقىسىغا قارىماي يورغىلاپ مېڭىپ» (ھايت ـ ھۇيت) دېگۈچە قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال سوۋغا قىلىۋېتىدىغان، ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈن تولىمۇ قەدىرلىك، تولىمۇ قىممەت ـ لىكتۇر. خۇددى مۇتەپەككۇر لى داجاۋنىڭ: بۈگۈن — ھاياتتۇر. بۈگۈن — ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. بۈگۈن — ئىجادىيەتتۇر. مېنىڭچە، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بۈگۈن، ئەڭ ئاسان مەھرۇم بولىدىغان نەرسىمۇ بۈگۈن، ئۇ بەك ئاسان قولدىن كېتىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئەڭ قىممەتلىكتۇر» دېگەندەك بۈگۈننى قەدىرلەش، بۈگۈننى ئۇلۇغلاش، ئىمكانقەدەر بۈگۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

بۈگۈننى قەدىرلەش ئىش يۈزىدە، بۈگۈندىن ئىبارەت مۇشۇ ۋاقىتنى بۈگۈنكى ئەمگەكنى ۋە بۈگۈنكى ئادەملەرنى قەدىرلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۈگۈنكى ۋاقىتنى قەدىرلىك، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈن يوق ئىدى، ئەتە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۈگۈننى ئەمگەك بىلەن، ئىجاد بىلەن ئۆتكۈزمىسەڭ، بۈگۈننىڭ كۈنى تاغنىڭ كەينىگە پاتقاندا، ئەپسۇس لېۋىڭنى ھەسرەت بىلەن چىشلەپ قالىسەن.

بۈگۈنكى ئەمگەك قەدىرلىك. چۈنكى، ئۈنىڭ بىلەن بۈگۈننىڭ بىناسى ئۆرە تۇرىدۇ. ئۈنىڭ بىلەن بۈگۈنكى تۇرمۇش جانلىنىدۇ. شۇڭا سەن بۈگۈن ئۈچۈن ئەمگەك قىل. بۈگۈنكى ئەمگەكنى قەدىرلە. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈڭنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇدىيىتىڭنى ئۆزۈڭ دەپسەندە قىلغان بولىسەن.

بۈگۈنكى ئادەملەر قەدىرلىك. چۈنكى بۈگۈنكى ھايات مۇشۇ بۈگۈن ياشاۋاتقان سەن، مەن ۋە ئۇلار بىللە گۈللىنىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى ئادەملەرنى قەدىرلە، بوۋاڭ ئېيتقان «ئۆلگەندىن كېيىن (ياسىن) ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ نەق شۇ. بىراق، بۈگۈننى قەدىرلەش ھەرگىزمۇ كەينىدە تۇرغاننى تېپىش، ئالدىغا كەلگەننى چىشلەشنىڭ باھانىسى، ھەممىنى مۇتلەق ئىنكار قىلىشنىڭ نەزەرىيە دەستىكى، «بۈگۈن قورسىقىم تويسىلا بولدى، ئەتىگە خۇدايىم بار» دەيدىغان ھورۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەش تۇمارى بولۇپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى، يەنە سەمىڭگە سالاي: بۈگۈننىڭ ئانىسى تۈنۈگۈن، بۈگۈندىن تۇغۇلۇر. ئەتە ھەم ئۈگۈن! بۇ ئالەم مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كېلەچەك مەۋجۇت، ئەتە مەۋجۇت. ئىنسانلار ئەقىل ۋە ئاڭ كۈچى ئارقىلىق، مەخلۇقاتلار سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان شۇ كۈندىن باشلاپلا، ئۇلاردا كېلەچەكنى كۆزلەش ئىقتىدارى بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىقتىدارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىش يۈزىدە، ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ چېكىنى ئەبەدىيلىك، ئېنىق ئايرىغان. دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق رەڭدار، كۆركەم ۋە مۇشۇنداق قوۋناق ھالىغا كېلىشى ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلاردىكى ئاشۇ كېلەچەكنى، ئەتىنى كۆزلەش ئىقتىدارىنىڭ سەمەرىسى.

ئەتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مىڭ تۈرلۈك بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئەۋزىلى ئۇنىڭ بۇگۈندىنمۇ ياش، رەڭدار ۋە بۇگۈندىنمۇ گۈزەل بولۇشىدا. تۈنۈگۈن بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدىغان. بۇگۈنمۇ مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن مۆجىزاتلارنىڭ ئەتە مەيدانغا كېلىشى تامامەن مۇمكىن. مانا بۇ كېلەچەكنىڭ نېمەت مەۋقەسى: مانا بۇ ــ ئەتىنىڭ قىممەت مەنبەسى. شۇڭا، ئەتىگە تەلپۈن، ئەتە ئۈچۈن چېلىش، شۇنداقلا، ئەتىدىن نېسىۋە كۆرۈشكە تىرىش!

تۈنۈگۈن، بۇگۈن ۋە ئەتىلەردە يېگانە خاسىيەتلەر جىلۋە قىلىدۇ: تۈنۈگۈن ئەڭ ئەستىلىك؛ بۇگۈن ــ ئەڭ قىممەتلىك؛ ئەتە بولسا ــ ئەڭ جەزبىلىك ۋە سېھىرلىكتۇر. بۇگۈننىڭ قۇياـ شىنى كۆرۈپلا تۈنۈگۈنكى كۈننى تىللىما. تۈنۈگۈنكى كۈن بۇگۈنـ گە سېلىشتۇرغاندا ھەرقانچە ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ساڭا ھايات بېغىشلىغان داداڭ بىلەن بوۋاڭنىڭ قەدەم ئىزلىرى بار. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، شۇ ئىزلار بولمىغان بولسا، بۇگۈنگە ئۇلاشقان يول بولمىغان بولاتتى.

بۇگۈنكى نەتىجە، شاراپەت ۋە سائادەتلەر بىلەن مەست بولۇپ كېتىپ ئەتىنى ئەرزىمەس چاغلىما: ئەينى چاغدا، بۇگۈنكى ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتتىن مەيۇسلىنىپ، تەركىدۇنيالىق كەمىرىنى بېلىڭگە باغلىما، دوروس بۇگۈن بىلەن ئەتىنى ـ كېلەچەكنى سېلىشتۇرۇش تەس. بىراق شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئەتىنىڭ قۇياشى بۇگۈنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ پارلاق؛ ئۇنىڭدىكى ھايات بۇگۈنگە قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ قايناق. ئۇنىڭ سەندىن تەمە قىلىدىغىنى تىرىشچانلىق، ھالال ئەمگەك ۋە غەيرەت؛ ساڭا ئاتا قىلىدىغىنى بولسا ئۈمىد، پۇرسەت ۋە كۆڭۈلدىكى نۇسرەتتۇر!

## مۇبادا دېھقان بولمىسا...

ئادەملەر ئاجايىپ بىر تاڭدا ئويغىنىپ كۆزلىرىنى نۇۋەت-لىشىپ، چوڭ - چوڭ ئەسنىشىپ تالاغا چىقتى - دە، كۆز ئالدى-دىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشتىن ھەيران مەست قېلىشتى. «توۋا بۇ نېمە كارامەت» دەپ پىچىرلىشىپ تەئەججۇپلەندى. خۇددى بىر كېچىدە باشقا بىر پىلانېتقا كېلىپ قالغاندەك، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چۈشىدىمۇ كۆرۈش نېسىپ بولمىغان ئاجايىپ بىر دۇنيا، ئاجايىپ بىر مەنزىرە زاھىر بولغانىدى.

ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىنالار، داچا، ئايۋان - سارايلار، ئىشىك ئالدىلىرىدىكى ئېسىل پىكاپلار، گۈلزارلىقلاردا ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئەينەكتەك سىپسىلىق يوللار يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئادەملەرنىڭ چىرايى سۈتتەك ئاق، كۆزى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچەكلەر شۇنچىلىك ئېسىل، رەتلىك، پاكىز ئىدى. «توۋا» دېيى-شەتتى، ئۇلار تاملارغا، گۈللەرگە، يوللارغا، ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچەكلەرگە ھەيران قاراپ. «تېخى ئاخشاملا توپا - تۇمان ئۇچۇپ تۇرغان ماكان قانداقسىگە... قېنى بىزنىڭ ھېلىقى ئېگىز - پەس ئۆيلىرىمىز؟ قېنى ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللىرىمىز؟ قېنى بىزنىڭ ئېشەك ھارۋا، قوي - قوزا، كالا - موزاي، توخۇ، كەپتەرلى-رىمىز؟...». «بوپتۇ» دېيىشەتتى ئۇلار ئاخىرى كەڭرى، ئازادە، پاكىز ئۆيلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈشۈپ، ئۇلار ئۆيلىرىدىكى ئېسىل سافالاردا ئولتۇرۇپ رەقەملىك تېلېۋىزورلى-رىنى ئېچىپ كىرىپ ئىسسىق سۇدا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇشتى، يانفونلىرىدا يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشكەنلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ يۇرتىدىمۇ بۇ بىر كېچىدە مۇشۇنداق ئاجايىپ -

غارايىپ ئۆزگىرىش بولغانىمىش!... ئۇلار بىر - بىرىنى تەبرىكـ-
لىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال
دېمەي مەنسەپدار، ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى، يازغۇچى،
شائىر، ناخشىچى، مۇزىكانت... بولۇپ يېتىشكەنىدى.

ھەممىمىزنىڭ بېشىدا ئۆز مەنسىپىگە، ئۆز ئۇنۋان ۋەزىپە-
سىگە قاراپ تەقسىم قىلىنغان بىردىن قالپاق بار ئىدى، ئۇلار شۇ
قالپاقتا ئاساسەن بىر- بىرىدىن ئۇستۇن - تۆۋەنلىكىنى ئايرىسا،
باشقا جەھەتلەردىن ھېچقانداق پەرقى قالمىغانىدى...

ئۇلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان
خىزمەتلەرگە بېشچىلاپ كىرىپ كېتىشتى. بىرلىرى چوڭ
گەردىشلىك كۆزەينەكلىرىنى تاقاپ كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا
ئولتۇرۇپ ئالەم سىرلىرىنى ئېچىشقا، بىرلىرى بىيولوگىيە
تەتقىقاتىغا، بىرلىرى ئادەملەرنى تەن سىرتىدا كۆپەيتىشكە،
بىرلىرى ئۆمۈرنى ئۇزارتىش، باشلىقنى مەڭگۈ ساقلاشقا، بىرلىرى
قانۇن تۈزۈش، سىياسەت بەلگىلەشكە بېرىلىپ كەتتى. ئارىدىن
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئەمەلدار، تەتقىقاتچى، ئالىملار،
يازغۇچى، شائىرلارنىڭ، ناخشىچى، مۇزىكانتلارنىڭ قورسىقى
ئېچىپ كەتتى. ئۇلار ئاشخانىلىرىغا، توڭلاتقۇلىرىغا قارىۋىدى.
يېگۈدەك نەرسە كۆرۈلمىدى. تاماق ئەتمەك بولۇۋىدى ئۆيلىرىدە
ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، ياغ، كۆكتات دېگەننىڭ ئۇۋۇقىمۇ تېپىلـ-
مىدى. ئۇلار قورساقلىرى كوركىراپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ
كەتكەچكە، چوڭ - چوڭ ئەسنىشىپ تۇتام - تۇتام پۇللارنى كۆتۈ-
رۈشۈپ پىكاپلىرىغا ئولتۇرۇپ سىرتلارغا، بازارلارغا چىقىپ يېگۈ-
دەك نەرسە ئالماقچى بولۇشتى. بىراق سىرتتا ھېچكىم يېگۈدەك
نەرسە ساتمىغانىدى. بازاردىكىلەرمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردە كومپيۇ-
تېرغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى جىددىي تەتقىق قىلىشماقتا
ئىدى. ئادەملەر ئاچلىقتا چىداشمىدى. بىر - بىرىگە ئۈزۈلدۈرمەي

تېلېفون بېرىشتى.

سىلەرنىڭ ئۆيدە يېگۇدەك نەرسە بارمۇ؟

يوق، شەھەرگە، ھەتتا چەت ئەلدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا تېلېفون بەرسەكمۇ بىر چىشلەم نان تېپىلمىدى. زاپاش ئاشلىقلارچۇ، دۇنيا بويىچە نەچچە يىللاپ يىغقان زاپاس ئاشلىقلار بىر كۇنگىمۇ يەتمەپتۇ! ــ سەن قايسى زاماندىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن. ھازىر دېگەن «ساماۋى پىلانېت» دەۋرى. دۇنيادا بىرمۇ دېھقان قالمىدى. ھەممە يەردە بىنا، ھەممە يەردە يول، بارلىق ئادەم تەتقىقاتچى، ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، شائىر، ناخشىچى، مۇزىكانت... بولۇپ كەتكەن تۇرسا، كىممۇ ئۇنداق جاپاسى تولا دېھقانچىلىقنى قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر دەسلەپتە ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئۇچار قۇش، جان ـ جانىۋارلارنى تۇتۇپلا خام پېتى يېيىشتى. نەچچە كۇندۇزدىلا دۇنيادا بىرمۇ جان ـ جانىۋار قالمىدى! ئاندىن كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى دەل ـ دەرەخ، گۇل ـ گىياھلارنى يېيىشتى. بۇلارمۇ ئادەملەرنىڭ يېيىشىگە توشمىدى. بىر ئۆمۇر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇرگەن، بېشىنىڭلا ئەمەس پۇتۇن بەدىنىنىڭمۇ بىر تال تۈكى قالماي چۇشۇپ كەتكەن، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئالىم، تەتقىقاتچى بىرلىشىپ يېمەك ـ ئىچمەك تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن، قانچىلىك تەجرىبە ـ تەتقىقاتلارنى قىلسۇن. ئاخىرقى ھېسابتا نەتىجىسى يەنىلا نۆل بولدى. ئۇلار شۇنچە قىلىپ يا بىر تال بۇغداي، يا بىر تال گۇرۇچ، يا بىر تال قوناق ئىشلەپچىقىرالمىدى. مانا بۇ دېھقانسىز دۇنيا ئىدى.

دېھقانسىز بۇ دۇنيا ئەمدى ھەممە ئۆز ئىشىدىن نارازى بولۇشقا، قانداقتۇر بىر مۇقەددەس ھەقىقەتنى چۇشىنىشكە باشلىدى... دۇنيا دېھقان بولمىسا، چوڭ ـ كىچىك مەنسەپدارلار مەنسەپ تالاشمايدىكەن، دۇنيادا دېھقان بولمىسا ھەرقانداق زور تەتقى-

قاتنىڭ، ھەرقانداق يېتۈك ئالىمنىڭ رولى، ئەھمىيىتى بولمايدىكەن، ئادەملەرنى دۇنياۋى چوڭ گەپلەرنى قىلدۇرغىنىمۇ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشتۈرگىنىمۇ، كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇپ ئاي شارىغا ئېلىپ چىققىنىمۇ ئاشۇ دېھقانلار ئىكەن!...

## ئىككى دېڭىز، ئىككى خىل ئادەم

پەلەستىندە ئىككى دېڭىز بار، بىرسى بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرىدىغان تىرىك دېڭىز. ئۇنىڭ شوخ بۇژغۇنلىرى دېڭىز قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. دېڭىز ساھىلىدا بوك - باراقسان دەل - دەرەخلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسسىغان يىلتىزلىرى دېڭىز باغرىغا سوزۇلغان. ئۇلار دېڭىز سۈيىدىن قانغۇچە ئىچەلەيدۇ.

ئىئوردان دەرياسىنىڭ تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ كەلگەن زۇمرەت سۇلىرى بۇ دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. شۇڭلاشقا دېڭىز سۈيى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ خۇشال ناخشا ئېيتىشىدۇ. كىشىلەر دېڭىز بويىغا ئۆي سالسا، قۇشلار دېڭىز بويىغا ئۇۋا سېلىشىدۇ. ئەتراپتىكى جىمى ھاياتلىق مۇشۇ دېڭىز بولغاچقىلا بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

بۇ دېڭىزدا ئۈزىدىغان بېلىق يوق، شامالدا لەرزان لەيلەپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان يوپۇرماقلارمۇ يوق. قۇشلارنىڭ سايراشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. بالىلارنىڭ خۇشال كۈلكە ساداسى ئەسلا ياڭراپ باقمىغان. كىشىلەر قانچە ئالدىراش ئىشى بولسىمۇ، يولنى ئۆزگەرتىپ باشقا يول بىلەن ماڭىدۇ. دېڭىز ئۈستىدىكى ھاۋا دىمىق، سۈيى ئۆلۈك، ئادەم تۇرماق ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ سۇنى ئىچمەيدۇ.

بۇ ئىككى دېڭىزنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىشقا بۇنچىۋالا چوڭ؟ بۇ ئىشقا ئىئوردان

دەرياسى سەۋەبچى ئەمەس. ئىككى دېڭىزغا ئېقىپ كىرىدىغان دەريانىڭ سۈيى ئوپمۇئوخشاش. دېڭىز تۇرغان تۇپراقنىمۇ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. دېڭىز بويىدىكى يېزىلارمۇ ئەيىبلىك ئەمەس.

پەرق مانا بۇ يەردە: گارىلى دېڭىزى ئېقىپ كىرگەن دەريا سۈيىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدۇ. ئىئوردان دەرياسىدىن بىر تامچە سۇ ئېقىپ كىرسە، گارىلى دېڭىزى بىر تامچە سۇنى چىقىرىپ تۇرىدۇ. قوبۇل قىلىش بىلەن بېغىشلاش ئوخشاش سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يەنە بىر دېڭىز بولسا تېخىمۇ دانا. ئۇ دەريا سۈيىنى ئىنتايىن بېخىللىق بىلەن پۇتۇنلەي ساقلىۋالىدۇ. مەيلى سىز ئۇنى قانچىلىك غىدىقلاڭ، ئۇ يەنىلا جىمجىت تۇرۇۋېرىدۇ. قىلچىمۇ مىدىرلاپ قويمايدۇ، بىر تامچە سۈيىنىمۇ سىرتقا چىقارمايدۇ.

گارىلى دېڭىزى بېغىشلاشنى بىلگەچكە، سۈيى تىرىك تۇرالىغان. يەنە بىر دېڭىز بولسا بېغىشلاشنى قىلچە خالىمىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ئۆلۈك دېڭىز» دەپ ئاتىغان.

153

بۇ دۇنيادا ئىككى خىل ئىنسان بار. پەلەستىندە ئىككى خىل دېڭىز بار.

## يىگىت بىلەن بوۋاي

بېشىدىن ناھايىتى كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئاتىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر تەنتەك يىگىت بار ئىكەن.

بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىللە باغچىغا بېرىپتۇ. يىگىت بىر تال گۈلنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ ئاتا بىز ياشلار مۇشۇ گۈلگە ئوخشاش تولۇپ ـ تاشقان ھاياتى كۈچكە ئىگە. سىلەر قېرىلار قانداقسىگە ئۆزۈڭلارنى بىز ياشلارغا سېلىشتۇرالايسىلەر، دەپتۇ.

ئاتا بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەپ قىلماپتۇ. ئەمما بىر كىچىك

دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر بولاق ياڭاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىرىنى ئالىقىنىغا قويۇپ تۇرۇپ:

— بالام، ئوخشىتىشىڭ ناھايىتى جايىدا بولدى. ئەگەر سەن ئېچىلغان گۈل بولساڭ، مەن مانا بۇ قورۇق مېۋىگە ئوخشايمەن. بىراق پاكىت ئىنسانلارغا شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئېچىلغان گۈل ئۆزىنىڭ ھاياتىنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈل ـ بەرگىلىرىدە نامايان قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مېۋە بولسا ھاياتىنى شاكال ئىچىگە چوڭقۇر يوشۇرۇنغان ئۇرۇقىغا سىڭدۈرۈپ قويۇشقا خۇشتار! — دەپتۇ.

يىگىت بۇنىڭغا قايىل بولماي:

— گۈل ئېچىلمىسا مېۋە نەدىن كەلسۇن؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق مېۋىنىڭ ھەممىسى ئەسلىي گۈل ئىدى، ۋەھالەنكى ئېچىلغان ھەممە گۈلنىڭكى مېۋىگە ئايلىنالىشى ناتايىن، — دەپتۇ.



## ھازىرنىڭ ئۆزى بەخت

بىر باي بىلەن بىر كەمبەغەل نېمىنىڭ بەخت ئىكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ. كەمبەغەل ئادەم:

— ھازىرنىڭ ئۆزى بەخت — دەپتۇ.

باي كەمبەغەلنىڭ كەپىسى، جۇل ـ جۇل كىيىمىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— بۇنى قانداقمۇ بەخت دېگىلى بولسۇن؟ مەن دېمەكچى بولغان بەخت ـ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ، مىڭلىغان چاكار — دەپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپ ھەشەمەتلىك تۇرالغۇسى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ. چاكارلىرىمۇ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ باي بىر كېچىدىلا نامراتقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

قاتتىق ئىسسىق بىر كۈنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن

ھېلىقى نامراتلىشىپ كەتكەن باي كەمبەغەلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇسسۇزلۇق سوراپ كىرىپتۇ. كەمبەغەل بىر پىيالە سۇنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن:

— سەن ھازىر نېمىنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

نامراتلىشىپ كەتكەن باي كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— بەخت دېگەن مېنىڭ قولۇمدىكى سەن بەرگەن مۇشۇ بىر پىيالە سۇ، — دەپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن نېمىنى چۈشەندىڭىز؟ مېنىڭچە، ھازىرنىڭ ئۆزى بەخت، ھازىرنى بىرمۇ بىر ئۆلىسىڭىز، بىر ئۆمۈرلۈك بەختكە ئېرىشكەن بولىسىز. ھازىرنى قەدىرلەڭ، قولىڭىزدىكى بىر ئىستاكان سۇ، ئادەتتىكى تاماق، ئادەتتىكى خىزمىتىڭىزنىڭ ھەممىسى بەخت.

## ئەخمەق ئاتا ـ بالا

155

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئاتا ـ بالا بېلىقچىلار ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ كۈنى بېلىق تۇتۇپ سېتىش بىلەن ئۆتىدىكەن. بوۋاي دەريانىڭ باش تەرىپىگە تور تاشلىسا، ئوغلى دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە تور تاشلايدىكەن ـ دە، بىر بېلىقنىمۇ قاچۇرۇپ قويمايدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي دەرياغا تور تاشلاۋاتقاندا، بىر تال تەڭگىسى دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە تور تاشلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— ئوغلۇم، بىر تال تەڭگە سۇغا چۈشۈپ كەتتى. دەرھال تور سېلىپ سۈزۈۋال، — دەپتۇ.

— ئوغۇل دەرھال تور سېلىپ سۈزسە، تورغا چوڭ بىر بېلىق چىقىپتۇ. بوۋاي بىلەن ئوغلى تەڭگىنى تاپالمىغانلىقىدىن تېرد-

كىپتۇ. بىلىقنىڭ قارنىنى يارغانىكەن، بەش تەڭگە چىقىپتۇ. بىر تەڭگىنىڭ بەش تەڭگىگە ئايلانغانلىقى ئاتا ـ بالىنى خۇشال قىلىپتۇ.

ئاتا ـ بالا ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يۇرتتىكى جازانىخور بايدىن مىڭ تەڭگىنى ئىككى مىڭ تەڭگە قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىش، ئەگەر قايتۇرالمىسا جازانىخورنىڭ قۇلى بولۇپ بىر ئۆمۈر ئىشلەپ بېرىشكە مۆھۈر خەت پۈتۈپ مىڭ تەڭگىنى ئاپتۇ. كۆڭلىدە: «مىڭ تەڭگىنى بەش مىڭ تەڭگە قىلىپ، ئىككى مىڭ تەڭگىنى بايغا بېرىپ قۇتۇلىمەن. قالغان ئۈچ مىڭ تەڭگىنى يەنە دەرياغا تاشلاپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ دۇنيادىكى كاتتا بايلاردىن بولىمەن»دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، ئامەتتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، ھېچ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، بايدىن ئالغان مىڭ تەڭگىنى دەريانىڭ باش تەرىپىگە تاشلاپتۇ. ئوغلى بولسا دەريانىڭ ئايىغى تەرىپىدىن تور سېلىپ سۈزۈپتۇ. بىراق قايتا ـ قايتا تور سېلىپ سۈزسىمۇ تورغا ھېچنەرسە چىقماپتۇ. 156

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەخمەق ئاتا ـ بالا بايدىن ئالغان مىڭ تەڭگىنى قايتۇرالماي باينىڭ ئۆمۈرلۈك قۇلىغا ئايلىنىپتۇ.

## بېخىل باي

بۇرۇن بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتىمۇ بېخىل ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بېخىل باي كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. داۋالانسام پۇل كېتىدۇ، دەپ داۋالانماي يېتىۋېرىپ، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ ئاخىر تېۋىپنىڭ قېشىغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

تېۋىپ بېخىل باينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:

ـــ كېسەللىرى ئېغىر ئىكەن. ئۇزۇن بوپتۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغىلى. جانلىرىمۇ بەك قىينىلىپ كېتىپتۇ. ھەر

ھالدا مېنىڭ ئالدىمغا كەپتىلا. مەندە شىپالىق دورىلار بار. ھازىرلا ياساپ بېرەي، ــ دەپ ئالدىغا سەكسەن خالتىنى قويۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن ئېلىپ ھاۋانچىدا سوقۇپ، تالقان قىلىپتۇ. ئاندىن بىر قاغىنى ئىچكىرى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

ــ قاغىنى نېمە قىلىدىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ بېخىل باي ھەيران بولۇپ.

ــ سوقۇلغان دورىغا قاغىنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ مەلھەم قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن دورا پۈتىدۇ، ــ دەپتۇ تېۋىپ.

ــ ئۇ قاغا قانچە پۇل؟ ــ سوراپتۇ باي ئالدىراپ.

ــ ئون تەڭگە.

بېخىل باي چۆچۈپ كېتىپتۇ. كۆڭلىدە: «قاغا دېگەن ئورمانلىقتا كۆپقۇ، ئون تەڭگە دېگەنگە ئىككى بورداق قوي كېلىدىغان تۇرسا، بىر قاغىنى ئون تەڭگىگە ئالامتىم؟ ئورمانلىققا بېرىپ بىر قاغا تۇتۇپ كەلسەم، ئون تەڭگە ماڭا قالمامدۇ؟» دەپ خىيال قىلىپ، تېۋىپقا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ئىنجىقلاپ، يىقىلىپ، قويۇپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپالار بىلەن ئورمانلىققا كەپتۇ. قارىسا ئورمانلىقتا قاغىلار راستىنلا كۆپ ئىكەن. بېخىل باي بىر قاغىنى تۇتماقچى بولۇپ قوغلىغانىكەن. قاغا ئۇچۇپ بىر دەرەخنىڭ ئۇچىغا قونۇۋاپتۇ. بېخىل باي يەنە بىر قاغىنى قوغلىغانىكەن، ئۇ قاغا يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بېخىل باي يەنە بىر قاغىنى قوغلىغانىكەن. ئۇ قاغىمۇ تۇتۇق بەرمەي ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بېخىل باي قاغا قوغلاپ مېڭىپ يۈرۈپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ قاپتۇ ـ دە، دەرەخ ئۇچىغا قونۇۋالغان قاغىلارغا قاراپ مېڭىپ ئۇخلاپ ياتقان بىر يولۋاسنىڭ قۇيرۇقىغا دەسسەپ ساپتۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالمىغان يولۋاس بىرلا ھۆركىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، بېخىل باينى چىشلەپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ. بېخىل باينىڭ قوينىدىكى

زىخچە ـ زىخچە ئالتۇنلار بىلەن نەچچە مىڭ كۇمۇش تەڭگىلەر قانغا مىلىنىپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ.

## ئۇچ دوست

بۇرۇن بىر يۇرتتا داۋۇت ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ دوستلىرى ناهايىتى كۆپ ئىكەن. داۋۇتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قول ـ ئىلكىدە بولغاچقا، داۋۇت دوستلىرىنى پات ـ پات مېھمان قىلىپ تۇرىدىكەن، ئوغلىنىڭ دوستلىرىنىڭ بىرەرى قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالسا ياردەم قىلىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويىدىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئەجەل يېتىپ داۋۇتنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى قازا قىلىپ، ئۆيدە داۋۇت يالغۇز قاپتۇ. داۋۇتنىڭ دوستلىرى بولسا بېلىگە ئاق باغلاپ: «ۋاي دادامەي، ۋاي ئانامەي، سەن بولغان بولساڭ بۇ چاغقىچە پاقلان سويۇپ بېرەتتىڭ، پولۇ ئېتىپ بېرەتتىڭ، لەڭمەن ئېتىپ بېرەتتىڭ» دەپ يىغلىشىپ هازا ئېچىشىپتۇ. داۋۇت دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قويلىرىنى سويۇپ دوستلىرىغا يېگۈزۈپ بوپتۇ. پولۇ، لەڭمەنلەرنى ئېتىپ بېرىپتۇ. دوستلىرى بولسا نېمە يېگۈسى كەلسە: «ۋاي دادامەي، ۋاي ئانامەي، سەن بولساڭ ئۇنى ئېتىپ بېرەتتىڭ، بۇنى ئېتىپ بېرەتتىڭ» دەپ يالغان يىغلاپ، ئېتىپ بەرگىنىنى يەپ، يوقنى تاپقىلى سېلىپ يېتىۋېرىپتۇ. ئۇزاققا قالماي داۋۇتنىڭ تەئەللۇقاتىمۇ تۈگەپتۇ. شۇ چاغدا دوستلىرى: «پات ـ پات كېلىپ يوقلاپ تۇرارمىز» دەپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۇندىن كېيىن، داۋۇت ئۆيدە يېگىلى بىرنەرسە يوق ئاچ قاپتۇ ـ دە، تاماق بەرسەڭلار دەپ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بىر ـ بىرلەپ بېرىپتۇ. بىراق داۋۇتنىڭ دوستلىرى تۈرلۈك باهانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ داۋۇتقا بىر قاچا تاماق بەرمەپتۇ.

داۋۇت: « ئۆزۈڭدە يوق، ئالەمدە يوق دېگەن ئىكەن ـ دە، ئادەملەردە ۋاپا، دىيانەت، دوستلۇق دېگەن نەرسە قالماپتۇ. مۇشۇ ئادەم دېگەن-نى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ بىر قولۋاق ياساپتۇ ـ دە، باياۋاننى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ يەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. داۋۇت ئادەملەرنى، ئەل ـ يۇرتنى سېغىنغان بولسىمۇ، ھېلىقى دوستلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى يادىغا كەلسىلا غەزىپى ئۆرلەپ ئادەملەردىن يىرگىنىپ، يۈرىكىدىكى سېغىنىشنى ئۇنتۇيدىكەن. ھەقىقىي بىر دوست تېپىپ ئۆمۈر بويى جاپىدىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريا بويىغا ئىككى يىگىت كېلىپ: «بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىغىن»دەپ داۋۇتقا پۇل بېرىپتۇ. داۋۇت ئۇلارغا قاراپ:

— سىلەر دوستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، بىز ئىككىمىز دوست، — دەپتۇ ئۇلار.

— يالغان، — دەپتۇ داۋۇت، — بۇ دۇنيادا ھەقىقىي دوستلۇق مەۋجۇت ئەمەس.

— بىز ھەقىقىي دوست، — دەپتۇ ئۇلار.

داۋۇت ئۇلارنى قېيىققا ئولتۇرغۇزۇپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ قانچىلىك ھەقىقىي دوست ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قېيىقنى كۆمتۈرۈۋېتىپتۇ. سۇ ئۇلارنى ئېقىتىپ مېڭىپتۇ. داۋۇت بىرىنى قۇتقۇزغىلى بارسا ئۇ:

— مېنى قويۇپ دوستۇمنى قۇتقۇزغىن — دەپتۇ، — داۋۇت ماقۇل بولۇپ يەنە بىرسىنى قۇتقۇزغىلى بارسا، ئۇ:

— مېنى قويۇپ دوستۇمنى قۇتقۇزغىن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، داۋۇت ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، بىر ئامالنى قىلىپ ھەر ئىككىلىسىنى قۇتقۇزۇپ دەريانىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقىپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى

ئېيتىپ ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قېيىقنى كۆمتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقىنىڭمۇ بارلىقىنى، خالىسا ئۆزىنىڭمۇ دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. داۋۇتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىككى دوست داۋۇتنىمۇ دوست قىلىۋاپتۇ. ئۈچ دوست ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جاپادا، راھەتتە بىللە بولۇپ ھەقىقىي دوستلۇققا ئۈلگە يارىتىپتۇ.

## تىللاغا يوشۇرۇنغان ھېكمەت

بىر مۇساپىر تەڭرىگە يېلىنىپتۇ:

— مەن بىر بەختسىز، ماڭا تەلەي ئاتا قىلساڭ!

تەڭرى ئۇنىڭ زارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ساڭا تەلەي تىللاسىدىن بىرنى بېرەي، — دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا پارقىراپ تۇرغان تىللادىن بىرنى بېرىپتۇ.

مۇساپىر تىللانى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە تەڭرىگە زارلىنىپتۇ:

— سەن ماڭا تەلەي تىللاسى بېرىمەن دېگەنىدىڭ، بىراق تىللانى ئۆرۈپ قارىسام كەينىدە «تەلەيسىز» دېگەن خەت يېزىلغان. سەن ئويلاپ باق؟ قولۇڭنى پارقىراپ تۇرغان قۇياشقا تۇتساڭ قولۇڭنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى يورۇق بولغىنى بىلەن قۇياش نۇرى چۈشمىگەن تەرىپى سايىدا قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

شۇنداق، بەخت بىلەن بەختسىزلىك، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت، خۇشاللىق بىلەن غەم ـ قايغۇ ئاشۇ تىللانىڭ ئىككى تەرىپىدىن قوشكېرەك بولىدۇ. تۇرمۇشتا مۇتلەق بەخت ياكى بەختسىزلىك بولمايدۇ. پەقەت ئىككىسىنىڭ نىسبىتى ئوخشاش بولمايدۇ. تۇرمۇشنى سۆيىدىغان، تۇرمۇشنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ رولىنى بەخت تەرەپكە بۇراپ ماڭالايدۇ. تۇرمۇشنى

160

سۆيمەيدىغان، تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ رولىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا، بەخت ئىچىدە خۇشاللىقتىن بەھرىلىنىۋاتقاندا تۇيۇقسىز كېلىدىغان بەختسىزلىكنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا ئازابتىن تۇگىشىپ، ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكىمىز كېرەك. قىسقىسى، قانداق ياشاش ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

## بىر تامچە ھەسەل

بىر يولۇچى كېتىۋېتىپ شەيتانغا يولۇقۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمىشقا جاھاندىكى جىمى رەزىللىكنى قىلىدىغانلىقىنى ئاغرىنىپ تۇرۇپ سوراپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۈۋالچىلىقىغا قېلىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان شەيتان ھېلىقى يولۇچىغا دەپتۇ:

— بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، جاھاندا زادى كىمنىڭ رەزىللىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھېلىلا بىلىپ قالىدىلا!

شۇنىڭ بىلەن شەيتان ئادەم سىياقىغا كىرىپ ياندىكى دۇكاندىن ئازراق ھەسەل سېتىۋېلىپ، ئۇنى دۇكاننىڭ ئىشىكىگە سۇۋاپ قويۇپتۇ ۋە ئۆزى غىپپىدە دالدىغا مۆكۈۋاپتۇ. ھەسەل سۇۋالغان ئىشىككە ھەش ـ پەش دېگۈچە چىۋىنلەر غۇژژىدە ئولىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يوغان بىر ئۆمۈچۈك چىۋىنلەرگە قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. ئارقىدىن بىر قۇش ئۆمۈچۈككە تاشلىنىپتۇ. شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۈۋچىنىڭ بىلىكىدىكى بۈركۈت ھېلىقى قۇشنى ئولجا ئالماقچى بولۇپ، ئىشىككە، بۈركۈتكە قارىتىپ ئېتىپتىكەن، بۈركۈت شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۈۋچى دۇكاندارنى دۈمبالىغىلى تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە دۇكاندارنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

شەيتان بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان يولۇچىغا دەپتۇ:

— ئەمدى چۈشەنگەندىلا؟ مەن ئىشككە پەقەت بىر تامچە ھەسەللا سۈركەپ قويدۇم خالاس!

## ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق

ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق يولىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئەھۋال سورىشىپتۇ.

— يېقىندىن بېرى كۈنلىرىڭ قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ ساختىلىق.

— ھەي، سورىمايلا قوي، — دەپتۇ ھەقىقەت ئۇھ تارتىپ، — بارغانچە ئەھۋال خاراب.

— ساختىلىق ئۈستىبېشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ھەقىقەتكە بىر قۇر زەن سېلىپ:

— تۇرقۇڭ نېمىدېگەن بىچارە، شۇنچە ھارغىن كۆرۈنىسەن — دەپتۇ ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ.

— ئۈچ كۈن بولدى، ئاچ قالدىم، نەگىلا باراي ئاۋارىچىلىككىلا يولۇقىمەن، ياشاش يولۇمنى ھېچ تاپالمىدىم.

— بۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر، مەن بىلەن بىرگە ماڭساڭ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەلەيسەن، ئاغىنە، ماڭا رەددىيە بەرمىسەڭلا، مېنىڭدەك كىيىمىڭ پۈتۈن، قورسىقىڭ توق بولىدۇ.

ھەقىقەت ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. ساختىلىق ھەقىقەتنى ئېلىپ، ئاۋات پايتەختكە يول ئاپتۇ.

ئىككىيلەن كاتتا بىر رېستورانغا كىرىپ راسا يەپ، راسا ئىچىپ ئويناپتۇ. خېرىدارلار تارىغاندىن كېيىن، ساختىلىق تولىمۇ ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۈستەلنى مۇشتلاپتۇ، خوجايىن ساختىلىقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىززەت بىلەن:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندى، قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دەپتۇ.

162

— پۇل يىغقۇچىغا ئالتۇن تەڭگىدىن بىرنى بەرسەم، ھېچ پۇل قايتۇراي دېمىدى — دەپتۇ ساختىلىق تەرىنى تۇرۇپ.

خوجايىن پۇل يىغقۇچىنى چاقىرىپ سوراپتۇ. پۇل يىغقۇچى ئۆزىنىڭ ئالتۇن تەڭگىنى ئالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساختىلىق قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— سىلەر خېرىدارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىكەنسىلەر ـ دە، — دەپ داۋراڭ سېپتۇ.

ئۇ قوينىدىن ئالتۇن تەڭگىدىن بىرنى ئېلىپ:

— ئەمدىغۇ پۇل قايتۇرارسەن — دەپ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.

خوجايىن رېستوراننىڭ نامىغا يامان تەسىر يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئالتۇن تەڭگىنى ئېلىشقا ئۇنىماپتۇ ھەم پۇل ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. تېخى پۇل يىغقۇچىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپ:



— ھۇ ئەبلەخ، ئالغان پۇلنى ئۇنتۇپ قالىدىغانمۇ ئىش بولامدىكەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ ناھەق شاپىلاق يەپ، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزلىكىنى قايتا ـ قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، ھېچكىم سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ.

— ئاھ خۇدا، قېنى سەن ھەقىقەت! — دەپ نالە قىلىپ ۋارقىراپتۇ خورلانغان پۇل يىغقۇچى.

— مەن بۇ يەردە، — ھەقىقەتنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن چىققان بۇ ئاۋاز پەقەت ئۆزىگىلا ئاڭلىنىپتۇ.

— تىلىم باغلاقلىق، ساڭا جاۋاب بېرەلمەيمەن، ئۆزۈڭ بىر ئامالىنى قىل.

ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق رېستوراندىن چىقىپتۇ.

— كارامىتىمنى كۆرگەنسەن، — دەپتۇ ساختىلىق كۆرەڭلەپ.
— ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، بۇ كارامىتىڭنى ئۆگەنمەيمەن، — ھەقىقەت شۇنداق دەپلا، ئۇنىڭدىن دەرھال ئايرىلىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق يوللىرىغا مېڭىپتۇ.

## نېمە ئەڭ قىممەتلىك

بىر ئادەم بىر ئالىمدىن: «ئادەم ئېرىشكەن نەرسىلەر ئىچىدە نېمە ئەڭ قىممەتلىك؟» دەپ سوراپتۇ. ئالىم «تۇغما ئەقىللىك بولۇش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم:
— ئەگەر بۇنداق خىسلەت بولمىسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئالىم — بىر نىيەت، بىر يولىدىكى دوست بولۇش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم:
— ئەگەر بۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئالىم:
— ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان قەلب بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ ئادەم:
— ئەگەر بۇنىڭچىلىكمۇ ئارتۇقچىلىق بولمىسىچۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ.
ئالىم:
— سۈكۈت بىلەن يۈرسۇن، ئېھتىيات بىلەن سۆزلىسۇن، دەپتۇ. ئۇ ئادەم:
— ئەگەر بۇنىڭچىلىكمۇ خاتىرە تېپىلمىسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم. ئالىم:
— ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئەڭ قىممەتلىكتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## باغۋەن بوۋاي

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر دېھقان بولغانىكەن. كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىنىماي ئىشلەپ، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى پادشاھ ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈكچەيگەن، قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغان ھېلىقى دېھقان ئىككى مو يەرگە كۆچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن پادشاھ كۈلۈپ: «ھاماقەت» دەپتۇ ـ دە، ئېتىنى توختىتىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

— ھەي قېرى، ئۆمرۈڭنىڭ غۇلىچى تۈگەپ، غېرىچى قالدى، بەرىبىر بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىيىنغۇچە ئارام ئالساڭ بولماسمىدى؟ — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن ھازىر ئارام ئالمايمەن، مەڭگۈ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىممۇ ئاز قالدى، سىلى دېگەندەك، بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيمەن، ئەمما مەندىن كېيىن قالغان ئادەملەر يەپ، مېنى ئەسلىشەر، شۇ چاغدا دۇنيادا مېنىڭ قىلغان جاپالىق ئەمگىكىممۇ، نامىممۇ مەندىن كېيىنكى ئەۋلادلار بىلەن قالار دەيمەن، — دەپتۇ.

پادشاھ بوۋاينىڭ سۆزىگە ھەيران قېلىپ:

— باركاللا قېرى، — دەپتۇ ـ دە، مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ.

باغۋەن بوۋاي پادشاھ بەرگەن مىڭ تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، يۇلغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دەپتۇ پادشاھ.

— باشقا ئادەملەر كۆچەت قويۇپ، تۆت ـ بەش يىلدىن كېيىن مېۋىسىگە ئېغىز تەگسە، مەن قويغان كۆچىتىمنىڭ مېۋىسىگە شۇ

يىللا ئېغىز تەگكەنلىكىمگە كۆلدۈم، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشاھ بوۋاينىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىگە قايىل بولۇپ، يەنە مىڭ تەڭگىنى ئىنئام قىپتۇ. قېرى يەنە كۈلۈپتۇ.

يەنە نېمىدەپ كۈلۈۋاتىسەن بوۋاي؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— نېمىشقا كۈلمەيمەن پادىشاھىم، بارچە ئادەم يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئالسا، مەن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىنىمغا كۈلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قېرىنىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقىپ، يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. قېرى يەنە كۈلۈپ:

يەر يۈزىدە بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىدىغان مېۋە تىككىنىمگە كۈلىمەن دەپتۇ.

## ئۈچ مېكىياننىڭ يىللىق باھالاشتىكى تەقدىرى

يەنە يىللىق خىزمەت باھالاش ۋاقتى باشلاندى. كاتەكلەر ئىچىدىكى بىر كاتەكنىڭ خوجىسى بولغان خوراز تەۋەلىكىدىكى مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى خورازلاردىن تەشكىللەنگەن «مېكىيانلارنى يىللىق باھالاش رەھبەرلىكى گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى غوجىدار خوراز، مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى مۇئاۋىن غوجىدار ۋەزىپىدىكى خورازلاردىن تەشكىللەنگەن «مېكىيانلارنى يىللىق باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى غوجىدار خوراز ئۈستىگە ئالدى. ئەزالىرى بولسا مۇئاۋىن غوجىدارنىڭ مۇئاۋىن غوجىدار خورازلىرى ئۈستىگە ئېلىشتى. (چۈنكى بۇ كاتەكتە بارى - يوقى ئۈچ مېكىيان، ئوخشىمىغان ۋەزىپىدىكى رەھبەر خورازدىن ئالتە - يەتتىسى بار ئىدى) يىللىق باھالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يىغىن ئاچتى، يىغىنغا غوجىدار خوراز رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇنداق

166

پىكىرگە كېلىشتى.

سېرىق مەللەك مېكىيان: — بۇ يىلدا گەرچە يىل بويى بىر دانىمۇ تۇخۇم تۇغمىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەتىگىنى تاسا-دىپىي ۋاقچە تۇرۇپ قالغىنىمىزدا، (ھەتتا بارلىق چۇجىلەر ئىشقا كىرىشىپ بولغاندا) ئاكتىپلىق بىلەن ماڭا ۋاكالىتەن بىرنەچچە قېتىم ئۇنلۇك قىچقىرىپ مېنى ئويغىتىپ قويدى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۇندىلىك خىزمەتلەرگە ئاتلىنىپ بولغۇچە، مەن خىزمەت قىلىدىغان ئورۇننى پاكىز تازىلاپ، مېنى ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەپ، ماڭا بىر كۈن پاكىز مۇھىتتا خىزمەت قىلىش شارائى-تى ھازىرلاپ بەردى. يەنە تېخى بۇ يىل چاغاندا ئائىلەمگە بېرىپ تۇغقان يوقلايمەن دەپ 45 كۈن رۇخسەت سوراپ، دەل 44 كۈن بولغاندا قايتىپ كېلىپ ئەسلىدىكى ۋاقىتتىن بىر كۈن بۇرۇن ئىشقا چىقتى. شۇڭا بۇ مېكىيان ئىلغار بولۇپ سايلىنىدۇ. قارا مېكىيان:



— بۇ يىللىق تۇخۇم تۇغۇش خىزمىتىدە گەرچە ياخشى تۇخۇملارنى تۇغالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ناچار تۇخۇملارنى تۇغۇپ باقمىدى. ئۇ ھەر كۈنى باشقا مېكىيانلار دان ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىمۇ خىزمەت تۇزۇمىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ، كاتەك-تىن ئايرىلماي، كاتەكتە ياخشى كۆزەتچىلىك قىلىپ، كۈن بويى تورغا چىقىپ، يىراقتىكى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن رۇخسەت سورىماي، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىدى ھەم سىرتتا دان ئىزدەپ، چۈجە باقىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ھەر ۋاقىت ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزمەي، تاجىسىنى قىزارتىپ، تىرناق-لىرىنى چىرايلىق ياساپ، پەيلىرىنى پارقىرىتىپ يۈردى. شۇڭا، بۇ مېكىيان ئىلغار بولۇپ سايلىنىدۇ. يۇقىرىدىن بىزگە بىر نەپەر مېكىياننى مەجبۇرىي لاياقەتسىز سايلاش ۋەزىپىسى چۈشۈردى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا بىز چار مېكىياننى تەپسىلىيرەك باھالاپ باقايلى، — دەپ يانچۇق خاتىرىسىنى قولغا ئالدى.

چار مېكىيان: ــ بۇ يىل جەمئىي 363 دانە تۇخۇم تۇغدى. لېكىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەنجى چۈجىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، دوختۇرخانىغا ئالدىراپ، ئۈچ دانە يۇمشاق شاكاللىق تۇخۇم تۇغدى. مەزكۇر مېكىيان تېخى ھەر قېتىم تۇخۇم تۇغقاندىن كېيىن، ئۆزىچە يوغان ئىش قىلدىم، دەپ ئويلامدۇ قانداق؟! كاتەكنى بېشىغا كىيىپ، «قى، قى قىق! جى جىق جىق» دەپ مەغرۇرلىنىدۇ. بۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟! بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھېلىقى كېسەلچان كەنجى چۈجىسىنىڭ ۋاپاتىنى دەپ مەندىن رۇخسەت سورىماي، بىر كۈن كاتەككە كەلمىدى. ئەتىسى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر كاتىكىمىزگە كېلىپ تۇخۇم تۇغۇش ۋە ئارخىپلارنى ئىشلەش خىزمىتىمىزنى تەكشۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قولىدا «مېكىيانلارنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشى» دېگەن مۇھىم ئارخىپ بار بولۇپ، مەزكۇر مېكىياننىڭ شۇ كۈندىكى ئىپادىسى ئىنتايىن ناچار، كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش كەلگەندە فورما كىيىپ كېلىش تەكىتلىنىپ تۇرسىمۇ چۈجىسىنىڭ ۋاپاتىنى دەپ، ھازىدارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، رەڭگىنى سارغايتىپ، پەيلىرى پۈرلەش كاتەككە كېلىپ، رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا يۇزىمىزنى تۆكتى. شۇڭا بۇ مېكىيان يۇقىرىقى سەۋەبلىرى تۈپەيلى لاياقەتسىز بولۇپ باھالىنىپ، ئىككى يىلغىچە 13 ـ ئايلىق يەم ـ خەشەكى بېرىلمەيدۇ ھەم ئىككى يىلغىچە مۇنەۋۋەر مېكىيان بولۇپ باھالىنىش سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ.

ئاخىر بۇ يىللىق باھالاش ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىپ، ھېلىقى تۇغۇمچان بىچارە چار مېكىيان «لاياقەتسىز» بولۇپ باھالاندى.

168

# تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا

بىر تىلەمچى سەدىقە سوراپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قولى مۇردىسىدىنلا يوق بولۇپ، قۇرۇق يېڭى بوشلۇقتا لەپىلدەپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىنى كۆرگەن كىشى ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا سەدىقە سۇنىدىكەن. بىراق، تىلەمچى كەلگەن ئۆيدىكى ئايال:

— بۇ خىشلارنى ئۆينىڭ كەينىگە يۆتكىشىپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ.

— بىر قولۇم بىلەنمۇ؟ سەدىقە بەرگىڭىز كەلسە بېرىڭ، بولمىسا ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلماڭ، — دەپتۇ تىلەمچى ئاچچىقلىنىپ.

ئەمما ھېلىقى ئايال خاپا بولۇشتا يوق، ئەتەي بىر قولى بىلەن خىش يۆتكەپ تۇرۇپ:

— قاراڭ، ئىككىلا قول بولمىسا ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ كىم دەيدۇ؟ مەن قىلالىغاننى سىز نېمىشقا قىلالمىغۇدەكسىز؟ — دەپتۇ.

169

تىلەمچى بىردەم تېڭىرقاپ قاپتۇ ۋە بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئېڭىشىپ خىشنى يۆتكەشكە باشلاپتۇ. بىر قېتىمدا ئىككى دانىدىن يۆتكىسىمۇ، ئىككى سائەت ئىچىدىلا خىشلارنى پاك پاكىز يۆتكەپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ، چىرايى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن، ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغانىكەن. خوجايىن ئايال ئۇنىڭ تەرلىرىنى ئېتىشى ئۈچۈن پاكىز لۆڭگىدىن بىرنى سۇنۇپتۇ. تىلەمچى يۈزىنى سۈرتكەنىكەن، لۆڭگە قاپقارا بولۇپ كېتىپتۇ.

ئايال ئۇنىڭغا 20 يۈەننى سۇنۇپتۇ. تىلەمچى ھەشقاللا ـ رەھمەت دېگىنىچە پۇلنى ئاپتۇ.

— نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز؟بۇ دېگەن ئۆزىڭىز ئىشلەپ

تاپقان پۇل، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال.

— مەن سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايمەن، خاتىرە ئۈچۈن بۇ لۆڭگىنى ماڭا بېرىڭ، دەپتۇ تىلەمچى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، خوجايىن ئايالنىڭ ھويلىسىدا كىيىنىشى سالاپەتلىك، گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇ-شىدىنلا ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان تەمكىن بىر كىشى پەيدا بوپتۇ. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئوڭ قولى يوق، قورۇق يېڭى بوشلۇقتا لەپىلدەپ تۇرىدىكەن. كەلگۈچى ياشىنىپ قالغان ئايال خوجايىنغا ئېگىلىپ سالام قىپتۇ ھەمدە تونۇشلۇق بېرىپ:

— سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن ھازىرقىدەك باش مۇدىر ئەمەس، يەنىلا تىلەمچى پېتىم يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم، سىز ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلدىڭىز، — دەپتۇ.

— ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئەمگىكى، — دەپتۇ ئايال خوجايىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ.

قولى يوق خوجايىن ئايالنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە شەھەرگە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، ھەممىمىز بېجىرىم ئادەملەرمىز؟ ياردىمى-ڭىزنى قوبۇل قىلالمايمىز، — دەپتۇ ئايال.

— مەن چىن كۆڭلۇمدىن كەلدىم، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — سىز ماڭا قانداق ئادەم بولۇشنى، قانداق ياشاشنى ئۆگەتتىڭىز. شەھەردىن سىزگە ئاتاپ ئۆيمۇ ئېلىپ قويدۇم، ئۇ ماڭا بەرگەن تەربىيەڭىزنىڭ ھەققى بولسۇن.

ئايال كۈلۈمسىرىگىنىچە شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا شۇ ئۆينى بىر قولىمۇ يوق ئادەملەرگە ھەدد-يە قىلايلى.

دەرۋەقە، تەقدىر ئۆزىمىزنىڭ قولىمىزدا، مەيلى كىچىك ياكى چوڭ قارار بولسۇن، ھەربىر تاللاش، قارار بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە

مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىچىك ـ كىچىك تاللاش قارارلار يىغىلىپ كېلىپ ھەربىرىمىزنى يا غەلىبىگە، يا مەغلۇبىيەتكە سۆرەيدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ رەنجى ـ بەختىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلـمەيدۇ. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ پاراغەت ئىچىدە غەپلەت بېسىپ قالغانلار تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە مۇستەقىل يۈزلىنىپ، ھاياتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى تەنها ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلگەندە تىركىشىدۇ ـ يۇ، مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

بېل. گايتىس شۇنداق دەيدۇ: «ھاياتتىكى بەختسىزلىكتىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇ بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋاقىت ئاشۇ ئازابلىق ھېسلارنى ھامان ئۇنتۇلدۇـرىدۇ. ‹بۇ ھېچنېمە ئەمەس› دېگەننى ھەر دائىم تەكرارلاپ تۇرۇڭ. شۇنداقلا يەنە شۇنداق ھەرەج تارتماسلىق ئۈچۈن ئورنىڭىزدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزىڭىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا دەرھال كىرىشىڭ.

# ساغلام هايات، ساغلام تەن

## بەختلىك ياشاشقا ياردەم بېرىدىغان يەتتە ئامىل

نۇرغۇن كىشىلەر بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا بەختلىك بولغىلى بولىدۇ؟ ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىگە قارىغاندا، تۆۋەندىكى ئۇسۇللارغا دىققەت قىلغاندا بەختلىك بولغىلى بولىدۇ.

1. ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى، يېقىن ئۆتىدىغان كىشىلىرىنى ياخشى كۆرۈڭ، كۆپرەك ۋاقتىڭىزنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈڭ.

2. كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىزنىڭ كۆپرەكىنى ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كەسىپكە بېغىشلاڭ. سىز ئۆز خىزمىتىڭىزنى ياخشى كۆرگەندىلا، ئاندىن خىزمەتتە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز. بۇ سىزگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ پايدىلىق. چۈنكى هاياتنىڭ كۆپ قىسمى خىزمەت ئۈستىدە ئۆتىدۇ. شۇڭا بۇنداق ۋاقىتنى ئىمكان بار مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك.

3. باشقىلارغا ياردەم قىلىڭ. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئاساسەن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە خالىس ياردەم بېرىدىغان زۆرۈرىيەت چوڭقۇر هالدا تىكلىنىشى كېرەك. باشقىلارغا ياردەم بەرگەندە ئۆزىنى هۆرمەتلەش تۇيغۇسىنى ئۆستۈرگىلى، روهىي ۋە جىسمانىي جەهەتتىكى جىددىيلىكنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشتىن هۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى ئاشىدۇ.

4. ئۆزىڭىزدىن خەۋەر ئېلىڭ. كۆڭلىڭىزنىڭ نېمىدىن هۇزۇر ئالىدىغانلىقىنى، روهىڭىزنىڭ نېمىدىن جۇشقۇن تۇس ئالىدىغانلىقىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ بېقىڭ ھەمدە ئۇنىڭغا يېتىش-

172

كە تىرىشىڭ.

5. جىسمانىي ھەرىكەتلەر بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىڭ. ھەرقانداق جىسمانىي ھەرىكەت، بولۇپمۇ تەنتەربىيەگە ئادەمگە ھەقىقىي ھوزۇر بېرىدۇ. ئاتاقلىق ئالىم پاۋلوۋ «يۈگۈرۈش، مۇز تېيىلىش، تانسا ئويناش، ماھارەتلىك مۇسابىقە تۈرلىرىگە قاتنىشىش سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ھوزۇر ئېلىشنىڭ ئېپى. قىش كۈنلىرى سەھەر تۇرۇپ سىرتتا چېنىقىش، ئىشىك ئالدىدىكى قار ـ مۇزنى تازىلاشمۇ سىزگە بەخت تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ» دېگەنىدى.

6. يېڭى ئامىللارنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشكە تىرىشىڭ. بىز بالىلىق دەۋرىمىزدىن باشلاپلا بىر خىل رىتىملىق ھاياتقا ئادەتلىنىمىز ھەمدە بۇنداق تۇرمۇشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىمىز. بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر كۈنى مۇقىم تۇرمۇش تۈزۈمىنىڭ بولۇشى، خىزمەت ئورنىغا سادىق بولۇشى، مۇقىم ئالاقىلىشىش دائىرىسىنىڭ بولۇشى بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، بىراق ئادەم ئۈچۈن يېڭى شەيئى، يېڭى ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇشمۇ زۆرۈر.

7. مۇبادا سىز بەختسىز ھېس قىلسىڭىز ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ. بۇ پسىخولوگىيەدە بەلگىلەنگەن قانۇن، ئۈمىدسىزلىك سىزنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا ئۈمىدلىك ياشاشنىڭ ئۆزىمۇ بەخت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماڭ.

## تاماكا تاشلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ شەرت

تاماكا چەككۈچىلەر تاماكىنىڭ سالامەتلىككە بولغان زىيىنىنى چۈشەنگەن ھامان، كۆپىنچىسىدە تاماكا تاشلاش ئويى تۇغۇلىدۇ. ئەمما نۇرغۇن كىشى ھەمىشە قەتئىي ئىرادىگە كېلەلمىگەنلىكتىن تاماكا تاشلاشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسالمايدۇ. پائالىيەت پېنى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىرادە، ئۆزىگە ئىشە-

نىش ۋە ماھارەت مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماكا تاشلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ شەرت ئىكەن.

1. قەتئىي ئىرادىگە كېلىش

ئاۋۋال تاماكا چېكىشنىڭ ئۆز سالامەتلىكىگە بولغان زىيىنىنى تولۇق تونۇپ يېتىش ھەمدە تاماكا تاشلاشتىكى سەۋەبنى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا يېزىپ قويۇش، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇش كېرەك. تاماكا تاشلىغاندىن كېيىن كۆرۈلىدىغان «خۇمار تۇتۇش خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامىتى»نى نىكوتىننىڭ بەدەندىن چىقىرىلىپ، ساغلاملىقنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىگنالى دەپ قاراپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن سالماق مۇئامىلە قىلىش لازىم. تاماكا تاشلاشتا باسقۇچلۇق ئۇنۇمگە ئېرىشكەندە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكاپاتلاپ، تاماكا تاشلاشنىڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

2. ئۆزىگە ئىشىنىش

ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان تاماكا تاشلاش تەجرىبىسىنى «مەغلۇبىيەت» دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئەگەر ئۇنى بىر قېتىملىق ئۆگىنىش پۇرسىتى دەپ قارىساق تاماكا تاشلاش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. تاماكا تاشلاشنى يېڭى باشلىغاندا ئۈمۈرلۈك تاماكا تاشلاشتەك چوڭ نىشاننى بىراقلا تۇرغۇزۇۋالماسلىق كېرەك. ئەگەر ھەر قېتىمدا ئەمەلگە ئاشسا، شۇبھىسىزكى تاماكا تاشلاش ئىشەنچىمىز زور دەرىجىدە كۈچىيىدۇ.

3. ماھارەتنى ئىگىلەش

تاماكا تاشلاشنى باشلايدىغان كۈنگە ئاي بېشى، تۇغۇلغان كۈن دېگەندەك يېڭى باشلىنىشنى بىلدۈرىدىغان كۈنلەرنى تاللىغاندا، تاماكا تاشلاشقا ياخشى كەيپىيات ئاتا قىلغىلى بولىدۇ. تاماكا خۇمارى تۇتقاندا چوڭقۇر نەپەسلىنىش، سۇ ئىچىش، سېغىز چايناش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانسا دىققەتنى ئۈنۈملۈك بۇرى-

غىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دوستلارنىڭ تاماكا تۇتۇشى، كىشى-لىك مۇناسىۋەتتە ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچراش، كەيپىيات چۈشكۈن-لىشىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا مۇناسىپ قارشى تەدبىر تۈزۈپ، «سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش» كېرەك. تاماكا تاشلاش جەريانىدا تاماكا تاشلاش دورىلىرىنى ئىشلىتىش، يىڭنە سانجىش دېگەندەك قوشۇمچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت تاماكا تاشلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئازابنى يېنىكلىتىپ، تاماكا تاشلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

قىسقىسى، قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، تاماكا تاشلاشنى «بىر جەريان» دەپ بىلىپ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، بوشاشماس روھ بىلەن خىرىسنى ئۈزۈكسىز كۈتۈۋالسىڭىزلا چوقۇم مۇۋەپپە-قىيەت قازىنالايسىز.

175

## تاماكا تاشلاشنىڭ ئالتە ئېپى

1. تاماكا تاشلاش ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. تاماكا تاشلى-غۇچىلار تاماكا چېكىشنىڭ زىيىنىنى بىۋاسىتە ھېس قىلىپ، تاماكا تاشلاشنى ئاڭلىق تەلەپ قىلىشى لازىم.

2. ياخشى بولغان ئورۇنغا دەسسىتىش ئۇسۇلىنى تېپىش كېرەك. تاماكا تاشلىغۇچىلار تاماكا تاشلىغاندىن كېيىن ھەمىشە «قىلغىلى ئىش قالمىغان»دەك ھېس قىلىدۇ. خىزمەت ئورنى ياكى ئۆيگە سېغىز، گازىر، مېۋە ـ چېۋە دېگەنلەرنى قويۇپ قويغاندا، ئۇلارغا «مەنىسىزلىك»نى ھېس قىلدۇرماسلىقى مۇمكىن.

3. تاماكا چېكىش سايمانلىرىنى، مەسىلەن، چاقماق، كۈلدان، تاماكا قاتارلىقلارنى تاشلىۋېتىپ، تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ «شەرتلىك رېفلېكس»نى ئازايتىش كېرەك.

4. تاماكا چېكىشنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلى-

نىپ، دوست ـ بۇرادەر ۋە خىزمەتداشلارنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ يېڭى باشلىغاندا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك.

5. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئۈنۈملۈك تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىش، شۇنداقلا كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ باشقا قىزىقارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا دىققەتنى بۇرىغىلى بولىدۇ. تەنھەرىكەت جىددىيلەشكەن نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرىدۇ. كەيپىيات مۇقىم بولغاندىلا ئۆزاققىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

6. قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، قايتا چېكىشنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىش كېرەك. تاماكا تاشلىغاندىن كېيىن يەنە بىرنى تارتىپ قويۇش ياكى بىر تال چېكىپ سېلىش تاماكا تاشلاش مەغلۇپ بولغانغا تەڭ ئەمەس، سەۋەبىنى كۆزگۆل قويۇپ تېپىپ چىقىپ، تەكرار سادىر قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.



## تاماكا تاشلاشتا تەشەببۇس قىلىنىدىغان 12 ئۇسۇل

تاماكا چېكىش سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق، شۇڭا تاماكىنى بۇرۇنراق تاشلاش كېرەك. تاماكا تاشلاشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ، تۆۋەندىكى 12 خىل تاماكا تاشلاش چارىسىنى كۆپچىلىك سىناپ باقسا بولىدۇ:

1. مەقسەتلىك ھالدا بىر ـ ئىككى كۈن تاماكىنى مىقداردىن ئارتۇق چېكىپ (ھەر كۈنى ئىككى قاپ ئەتراپىدا)، بەدەننى تاماكىنىڭ پۇرىقىدىن بىزار قىلىش ئارقىلىق تاماكا تاشلاش ياكى سوغۇق تېگىپ زۇكامداپ تاماكا چەككۈسى كەلمەي قالغاندا تاماكا تاشلاش كېرەك.

2. ئۆزىڭىزنىڭ تاماكا چېكىمۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلاش بىلەن بىرگە كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان ئىشلارنى (مەسىلەن، قولىڭىز ـ

دىكى تاماكا قېپى ياكى تاماكىغا بەلغەم يۇقۇپ قالغان دېگەندەك تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

3. تاماكا تاشلىشىڭىزدىكى سەۋەبنى قەغەزگە يېزىپ، دائىم ئوقۇپ تۇرۇڭ؛ مۇمكىن بولسا ئىمكانىقەدەر يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ تۇرۇڭ.

4. سېتىۋېلىشنى ئويلىغان نەرسىلەرنى يېزىپ، ئۇنىڭ باھاسى بويىچە شۇ پۇلغا قانچە قاپ تاماكا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاڭ. ھەر كۈنى تاماكا ئالىدىغان پۇلنى غەللىگە سېلىڭ. ھەر ئايدا بىر قېتىم پۇلنى ساناپ تۇرۇڭ.

5. دوستلىرىڭىز بىلەن باغلىنىشىپ، تاماكا تاشلاشقا كاپالەتلىك قىلىڭ، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ئۆزىڭىزنىڭ تاماكا پۇلىڭىزنى «دوغا تىكىسىز».

6. پاچكىلاپ تاماكا سېتىۋالماڭ.

7. تاماكا، سەرەڭگە ياكى چاقماقنى يېنىڭىزدا ئېلىپ يۈرمەڭ.

8. تاماكىڭىزنىڭ ماركىسىنى ھەر ھەپتىدە بىر ئالماشتۇرۇڭ، ئەمما يېڭى ماركىدىكى تاماكىنىڭ كوكس مېيى مىقدارى بۇرۇنقى ماركىدىكى تاماكىنىڭكىدىن چوقۇم تۆۋەن بولسۇن.

9. ئىس تەركىبىدىكى زەھەرنىڭ ئۆپكە، بۆرەك ۋە قان تومۇرغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى دائىم مۇلاھىزە قىلىڭ.

10. تاماكا پۇرىقىنىڭ نەپەسلىنىش، كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي ئىچىدىكى بېساتلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆزىتىڭ.

11. ئۆز قىلمىشىڭىزنىڭ ئائىلىدىكى باشقا ئەزالارغا يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ، ئۇلار بۇلغانغان ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتىدۇ.

12. ئۆزىڭىزدىن ساغلاملىقىڭىزنىڭ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىڭىز، دوستلىرىڭىز ئۈچۈن مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى سوراپ بېقىڭ.

## تاماكا تاشلىغان ۋاقتىڭىزدا مۇنداقمۇ قىلىڭ

تاماكا تاشلاپ باققانلارنىڭ ھەممىسى تاماكا تاشلاش تەس، تاماكا تاشلاش كەمپۈتى يېگەن، تاماكا تاشلاش مۇشتىكى سېتىۋالـ-غان تەقدىردىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ تىتىلداپ، ئاخىرقى بىر تالنى چېكىۋالغۇسى كېلىدۇ. نەتىجىدە تاماكا تاشلاش پىلانىنى تاماملىيالمايدۇ، دەيدۇ. تۆۋەندە سىزگە تاماكا تاشلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان بەزى قىزىقارلىق ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرىمىز:

1. ئۆزىڭىزنىڭ يېقىنىنى بىر ھەپتىلىك پىلانىنى تۈزۈپ، ۋاقىت جەدۋىلىنى ئۆزىڭىزگە تاماكا چەككىلى بىر سېكۇنتمۇ ۋاقىت قالمىغۇدەك ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

2. تاماكىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىڭ: ناۋادا بىر كىمنى ياقتۇرمىسىڭىز، شۇنىڭغا بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

3. ھەر كۈنى سەھەردە ئۆزىڭىزگە: مەن تاماكىدىن بىزار، مەن تاماكىغا ئۆچ، دەڭ.

4. بىر يۈرۈش ساغلاملىق گىمناستىكىسى ئۆگىنىپ، تاماكا چەككىڭىز كەلگەندە سەكرەپ ـ تاقلاپ تازا تەرلەڭ.

5. بىر ئىستاكان ھاسەل سۈيى ياكى چىلان چېيى تەييارلاپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنى سالامەتلىك كۆڭۈل قويۇپ ئاسراشقا موھتاج، دەپ ئاگاھلاندۇرۇڭ.

6. ھېسابلاپ بېقىڭ: بىر يىللىق تاماكا پۇلىنى ئىقتىساد قىلسىڭىز داڭلىق سائەتتىن بىرنى ئارتۇق سېتىۋالالىشىڭىز مۇمكىن.

7. ئىلگىرىكى تاماكا سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىدىغان پۇلنى «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»غا ئىئانە قىلىشقىمۇ توغرا تاللاشتۇر.

8. بىرنەچچە تەشتەك چىرايلىق گۈل ئۆستۈرۈپ، مىجەزنى تاۋلاپ، دىققەتنى ئىمكانقەدەر بۇراڭ.

9. ئۆيلەرنى تازىلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيارىڭىزنى پاكىزە، رەتلىك، ساپ تۇتۇڭ.

10. ئۆزىڭىز ئادەتتە ياخشى كۆرىدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەردىن سېتىۋېلىڭ، مېۋە ـ چېۋىنى كۆپ يەڭ.

11. ئەتراپىڭىزدىكى دوستلىرىڭىزغا: «مەن تاماكا تاشلىدىم» دەپ، ئۇلارنى تاماكا تاشلىغانلىقىڭىزغا گۇۋاھچى قىلىڭ.

12. تاماكا چېكىۋاتقانلارنى كۆرگەندە كۆڭلىڭىزدە: «ئەخمەق، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىۋاتىسەن» دەڭ.

13. ئەگەر بىرسى سىزگە تاماكا تۇتسا، سىز ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن باغلاشقانلىقىڭىزنى، ئەگەر بىر تال چېكىپلا قالسىڭىز 15 ـ قەۋەتتىن سەكرىشىڭىزگە توغرا كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ.

14. ئۆزىڭىزنى: مېنىڭ ئىرادەم ھەقىقەتەن كۈچلۈك، ھەتتا تاماكىنىمۇ تاشلىۋەتتىم، دېمەك مەن قىلالمايدىغان ئىش يوق، دەپ ماختاڭ.

179 15. دائىم ئۆينى ئويلاپ تۇرۇڭ، تاماكا ئالىدىغان پۇلغا ئازراق سوۋغات سېتىۋېلىپ ئاتا ـ ئانىڭىزغا تەقدىم قىلىڭ.

# ھېكمەتلەر

## دانالار ھېكمەتلىرى

▲ كىشىلەرنى جىسمانىي قۇۋۋەت، پۇل ئەمەس، بەلكى ھەققانىيلىق ۋە ئەتراپلىق بىلىم بەختلىك قىلىدۇ.

—— دېموكر

▲ بىلىملىك كىشى بىلىمنى تىلى بىلەن بايان قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ كۆمۈلۈپ ياتسىمۇ جۇلالىنالمايدۇ.

—— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ ھەرقانچە ئىشەنچلىك ۋە يېقىن دوستىڭىز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سىرىڭىزنى ئېيتىشتىن ساقلان، ئويلىغىنىڭىزكى، ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغان سىرىڭنى دوستۇڭ ساقلىيالامدۇ؟

—— ئەھمەد يۈكنەكى

▲ ئۇخلاش ئالدىدا بىر كۈن قىلغان ھەممە ئىشىڭنى بىر قېتىم ئېنىقلىمىغۇچە كۆزۈڭنى يۇما.

—— پىفاگور

▲ ئۆزى ئۆزىگە مەستلىكى كېلىش ۋە ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىك چاغلاش بەكمۇ ئەقىلسىزلىك.

—— ج، لابرىيۈيېر

▲ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ ئاددىي ھەققى شۇكى، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەن دۇنياغا تۆرەلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئاناڭنى ھەمىشە ھۆرمەت قىل ۋە ئۇلۇغ بىل.

—— مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

▲ ئىنسان جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ كەڭ دائىرىلىك مەنپە-

ئەتلىرى ئۇچۇن قانچىلىك پايدا يەتكۈزسە، ئۇ شۇنچىلىك كاپا-لەتكە ئېرىشىدۇ.

— د. ئى. مېندېلېۋ

▲ ۋاقىت — ئەقىللىكرەك، ياخشىراق، تولۇق ۋە مۇكەممەلرەك بولۇپ يېتىلىشىمىز ئۇچۇن بىزگە ئىنئام قىلىنغان قىممەت باھالىق سوۋغىدۇر.

— ن. مانىن

▲ ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمىگەن ئادەمگە شان - شەرەپ نېسىپ بولمايدۇ.

— ۋو نېسارگىنۇمۇس

▲ ئىنسان قەلبىدىكى پۈتۈن ھېسسىياتلارنىڭ ئەڭ كۆركەم بولىدىغان سۆيگۈنىڭ جېنىدۇر.

— سېتىندال

▲ بىلەرمەنلىكىڭدىن ماختانما. ئۇن چىقارماي تۇرۇپ غۇرۇرلان.

— چېخوف

▲ مەستلىك — ئەقىلدىن ئېزىش دېمەكتۇر.

— پىپاگور

▲ ھېچنەرسە ئىنسان تەپەككۇرىدىن نېرى بولالمايدۇ.

— د. يۇم

▲ سۆيۈملۈك بولۇش — بەختلىك بولۇش دېگەن سۆز.

— ك. تېل

▲ بىلىم — بايلىق تورىغا ئوخشايدۇ. تور قانچە كەڭ، پۇختا بولسا بېلىق تۇت.

▲ ئاقىللار ئورمانىنى، نادانلار دەرەخنى كۆرىدۇ.

— ۋېيلام بىلىك

▲ بىزنىڭ بىلىممىز چەكلىك، نادانلىقىمىز چەكسىزدۇر.

— كارل

▲ كەمچىلىكنى بىلمەسلىك نادانلىقتۇر.

— تولستوي

▲ ئامەت ھەمىشە پۇختا ئويلايدىغان كىشىلەرگە كېلىدۇ.

— نوبېل

▲ بالىلىرى تۇرۇپ زېرىككەن ئايال — نەپرەتكە لايىقتۇر.

— ژان

▲ ئادەملەر ئالدىدا ئۆيۈلۈش ئەڭ ياخشى پەزىلەتتۇر. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزىلى ئۆز - ئۆزىدىن ئۇيىلىشتۇر.

▲ يالغانچىلىق خۇددى سۇ يۈزىدىكى مايدەك يالغانچىنىڭ چىرايىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

▲ ھاياتنى تۇگىمەس تەشۋىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم ھايات زوقىنى بىلمەيدۇ.

▲ ئاجىزلىقتىن چىققان كەمتەرلىك پەزىلەت ئەمەس.

— ئاباي

▲ دۇنيادا ئۆزى ئۇچۇن مۇناسىپ ئىش تاپالمىغان ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر.

182

— كارلېيىل

▲ ئەپچىل ۋە ساختىپەز بولۇشتىن كۆرە ئاددىي ۋە ھالال بول.

— سافا كىلىبز

▲ ئۆمۈر بويى قەرزدار بولغان بىر زات بار. ئۇ بولسىمۇ — ئانا.

— ئوستروۋسكى

▲ ئاز نەرسىگە قانائەت قىلغان ئادەم دۆلەتمەندۇر. چۈنكى بۇنداق قانائەت ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

— سوقرات

▲ دانىشمەنلىكنىڭ چېكى بولمايدۇ، تەلۋىلىكنىڭ چېكى بولمايدۇ.

— رايىس

▲ ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالەتتە قايسى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن-لىكىنى نېمىدىن نومۇس قىلىش ۋە نېمىدىن نومۇس قىلماسلىق-قىدەك ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھېچنەرسە يوق.

— تولستوي

▲ باشقىلارنىڭكىگە ھەسەت قىلىساڭ، ئۆزۈڭنىڭكىدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

— قېدىر

▲ كىمكى كۆپ پىكىر يۈرگۈزىدىكەن ئۇ ئاز سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئاز سۆزگە كۆپ مەنە سىغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

— ئېرۋىڭ

▲ پاراسەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق نەتىجىسىدە ھۇزۇر - ھالاۋەتكە دۇم چۈشكەنلەرنىڭ ھاياتى بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

— كانت

▲ ھەر ئىككى نەرسىدىن قېرىمايدۇ. بىرى ياخشى ئىش. بىرى ياخشى سۆز.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



▲ بېسىلغان قەدەم ئادەتكە، ئادەت خاراكتېرگە، خاراكتېر بولسا قىسمەتكە ئايلىنىدۇ.

— ئۇ. تېككېرس

▲ يامانلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپ پەرق بار. ئۇ ئىككىسى دەسسىگەن كېمە غەرق بولىدۇ.

— ناۋايى

▲ خۇشامەتچى شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدۇكى، ئۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشى ئوي - پىكىردە بولمايدۇ.

— لاۋېدىر

▲ ساغلاملىق — ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئادەم-گىمۇ، باشقىلارغىمۇ بۈيۈك نېمەت.

▲ مۇھەببەتلىك دوستلارنى ياد ئەتمەسلىك، خەت ئەۋەت-

مەسلىك ۋاپا يولىنى قارا قىلىشتۇر.

— كۆڭزى

▲ هايات يولى ئەگرى ـ توقاي. ھەقىقەت مەڭگۈلۈك، ئادەم بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندە، ئۇنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

— خى چاڭگۈڭ

▲ ئادەم ئۆلمەي تۇرۇپ تولۇق ياشىدى دېگىلى بولمايدۇ.

— فىرانكىلىن

▲ كىم هايات ـ ماماتنى بىر يانغا قايرىپ قويالىسا شۇ يېڭى ئادەم بولالايدۇ. كىم ئازاب ۋە ۋەھىمە ئۈستىدىن غالىپ كەلسە شۇ خۇداغا ئايلىنالايدۇ.

— دوستويېۋىسكى

▲ هاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى سېنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمىلەردىن بەھرىمەن بولغانلىقىڭ بىلەن نېمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىڭ ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

— يارمۇھەممەت تۇغلۇق.

▲ هاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى — ئەمگەك ۋە كۈرەش قىلىشتۇر.

— يارمۇھەممەت تۇغلۇق

## ھەقىقەت توغرىسىدا ھېكمەتلەر

### 1

▲ھەقىقەت ۋاقىتنىڭ قىزىدۇر.

— داۋنچ

▲ ھەقىقەت دەرياسىنىڭ سۈيى خاتالىق ئېرىقلىرىدىن ئېقىپ كېلىدۇ.

— تاگور

▲ ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىك ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشىدۇر.

— گېرتسىين

▲ ھەقىقەت نۇرلۇق بولغاچقا كىچىككىنە يورۇقلۇقتىنمۇ جاھاننى يورۇتالايدۇ.

— گرېتسىين

▲ ھەقىقەتكە ئىنتىلىش — ھەقىقەتكە ئېرىشىشتىن قىممەتلىك.

— لېسىڭ

▲ گۇمانلىنىش كەمچىلىك ئەمەس. لېكىن گۇمانلىنىپلا يۈرۈپ ھۆكۈم چىقارماسلىق — كەمچىلىك.

— لۇشۈن

▲ ئادەمنىڭ بۈرچى ھەقىقەت ئۈستىدە باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىش.

— كوپېرنىك



▲ ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ئاساسىي توسالغۇسى سەپسەتە ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشتە توغرا، ئەمەلىيەتتە خاتا ھەقىقەتتۇر.

— لېۋ. تولستوي

▲ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ھەقىقەتنىڭ بىرەر - يېرىمىنى بىلىۋېلىش باشقىلارنى دوراپ يۈرۈپ جىق بىلىۋالغاندىن كۆپ ياخشى.

— رومىن روللان

▲ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ زور ئىش ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىشتۇر.

— برونو

▲ مىڭ خىل يول بىلەن مېڭىش مۇمكىن، ھەقىقەتكە بولسا پەقەت بىرلا يول ئېلىپ بارىدۇ.

— روسسو

▲ ھەقىقەتنى سۆيۈش ئۇنى تېپىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي شەرتىدۇر.

— كېۋېتسي

▲ راستچىل قەلب — ھەقىقەتنىڭ ئۆتكۈر قورالى.

— روسسو

▲ ھەقىقەتكە كۆرسىتىدىغان ئەڭ كاتتا لۇتپۇكەرەم — ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتۇر.

— ئېمىرسون

▲ ئابستراكت ھەقىقەت يوق. ھەقىقەت ھەمىشە كونكرېتتۇر.

— لېنىن

▲ ھەقىقەت شۇنچىلىك نازۇككى، ئۇنىڭدىن سەل چەتنىسەڭ يېڭىلىسەن.

— پاسكال

▲ بۈيۈك ھەقىقەتلەر ئەڭ ئاددىي ھەقىقەتلەردۇر.

— لېۋ. تولستوي

▲ ھەقىقەتكە قارشى كۈرەش جەريانىدا خاتالىقلار ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىدۇ.

— ماركس

▲ ھەقىقەت مۇناپىقلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكنى ئۆزىگە يولاتمايدىغان ئەينەك.

— شىللىر

▲ ھەقىقەتنىڭ جاپاكەش دوستى بول، ئەمما ئۇنىڭ بىتاقەت ھىمايە قىلغۇچىسى بولما.

— پىفاگور

▲ ئادالەت ھەقىقەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.

— ژ. روبىر

▲ ئادالەت تۇگىگەن جايدا كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر -

قىممىتى ساقلاپ تۇتىدىغان ھېچنېمە بولمايدۇ.
ـــ كانت

**2**

▲ ھەقىقەت ئالتۇندەك ئېغىر بولغاچقا ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ چەكسىز ئېقىنىدا تۆۋەنگە چۆكۈۋالىدۇ. سەپسەتە تېزەكتەك يېنىك بولغاچقا دائىم سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدۇ.

▲ ھەقىقەت تەنقىدنى ياقتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ تەنقىد ئارقىلىق غەلىبە قازىنىدۇ. سەپسەتە تەنقىدتىن قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ تەنقىد ئارقىلىق مەغلۇپ بولىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى تونۇشنىڭ ئاساسي سەپسەتە بولماستىن بەلكى، ساختا ھەقىقەتتۇر.

▲ ھەقىقەت سەپسەتە ۋە ساختىلىق بىلەن قارىمۇقارشى بولغانلىقتىن ھەقىقەتتۇر.

187

▲ سەپسەتە بىردەملىكلا پايدا بېرىدۇ. ھەقىقەتنىڭ پايدىسى بولسا مەڭگۈ بولىدۇ.

## ھايات ھەققىدە ھېكمەتلەر

**1**

▲ چۈشىنىش ـــ مۇھەببەتنىڭ ئاساسى.
▲ سەمىمىيلىك ـــ قىز - يىگىتلەر قوشۇلۇشنىڭ ئاچقۇچى.
▲ ئەپۇ قىلىش ـــ ئائىلە بەختىنىڭ شىپالىق دورىسى.
▲ كەمتەرلىك ـــ ئەر - خوتۇنلار ئامراقلىقىنىڭ يىلتىزى.
▲ تەربىيەلىنىش ـــ ئائىلە ئىناقلىقىنىڭ مەنبەسى.
▲ پەرزەنت ـــ چىن مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى.

▲ كۆيۈنۈش — ئۆمۈرۋايەت ئىناق ئۆتۈشتىكى پەلەمپەي.

▲ يەڭگىللىك قىلىش — مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى.

▲ ئالدامچىلىق — ئەر - خوتۇنلارنى ۋەيران قىلىدىغان ھالاك.

▲ گۇمان — بەختلىك ئائىلىنىڭ ۋاقىتسىز قەبرىسى.

▲ قوپاللىق — نىكاھتىن كېيىنكى جېدەلنىڭ خېمىر تۇرۇچى.

▲ ئۇرۇش ۋە تىللاش — ھېسسىياتنى بۇزىدىغان زەھەرلىك بومبا.

▲ غەيۋەت — ئابرۇينى يوقىتىدىغان كۆرۈنمەس ۋابا.

▲ مەنمەنلىك — يالغۇز قېلىشنىڭ باشلىنىشى.

▲ بەتخەجلىك — ئائىلە گۈلزارىنى ۋەيران قىلىدىغان سۇنئىي ئاپەت.

▲ دۇنيادا خۇشال ئۆتۈش - ئۆتمەسلىكىڭىزنى پەقەت بىرلا ئادەم بەلگىلەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىز.

▲ ۋاز كېچىش — ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ سىز يۈرىكىڭىزدە قايتا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ياندۇرۇڭ. ئەگەر ئۇ ياخشى يانغانلا بولسا ئۇنى ھەرقانداق سۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ.

▲ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىرىنچى ئۇسۇلى مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىك، ئېسىڭىزدە بولسۇن قىيىنچىلىق تاغدەك بولسا، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى تاغدىنمۇ ئېگىز بولۇشى كېرەك.

▲ بىر ئىشنى قىلىش - قىلماسلىق پەقەت بىر قارارغا كېلىشىڭىزگە باغلىق. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، دەرگۇمانلىق غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلمىسۇن.

▲ ئىت بىلەن بىرگە ياتقان ئادەمنى بۈرگە بېسىپ كېتىدۇ.

▲ ھەم كەمبەغەل، ھەم توكۇر بولغان رىچاردنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى تىڭشاپ قويۇڭ: ئاچچىق بىلەن باشلانغان ئىش خىجىللىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ بالىڭىزغا ئاغزىنى يۇمۇشنى ئۆگىتىڭ، ئۇ ناھايىتى تېزلا سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

▲ بويسۇنۇشنى بىلمىگەن ئادەم قوماندانلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ.

▲ سوتچى قانۇنغا بويسۇنۇشى، خەلق سوتچىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

▲ دەرەخنىڭ تۈۋىدە توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەمگە مەززىلىك تاماق كاپالىتى بولمايدۇ.

▲ يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيەت، تەڭ دىمەتلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش ئەدەپ، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش ئېسىل خىسلەت.

▲ بېلىق بىلەن مېھمان قىلىش ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە، بېلىقمۇ، مېھمانمۇ پۇراپ قالىدۇ.

▲ بايلىق ئىگىدارلىق قىلغۇچىغا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغان ئادەمگە مەنسۇپ.



▲ ئەگەر ئۆيىڭىزنىڭ دېرىزىسى ئەينەك بولسا، قوشنىلار-نىڭ دېرىزىسىگە تاش ئاتماڭ.

▲ شان ـ شەرەپكە تۇتىشىدىغان مۇساپە شان ـ شەرەپ ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشنى ۋىجدان بىلەن قىلىش كېرەك. بۇ دۇنيادەك ئەڭ ئالىيجاناب سوئال: مەن قانداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايمەن؟

▲ ئەگەر ئۆلۈپ جەسىدىم چىرىپ كەتكەندە مېنى باشقىلار ئۇنتۇپ قالمىسۇن دېسەڭ، يا باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئەرزىيدىغان بىر نەرسە ياز، يا باشقىلارنىڭ يېزىشىغا ئەرزىيدىغان بىرەر ئىش قىل.

▲ ئەخلاقىڭنى سېتىپ بايلىق سېتىۋالما، ئەركىنلىكىنى سېتىپ ھوقۇق سېتىۋالما.

▲ ئاۋۋال بالاڭنى ئۆزۈڭگە بويسۇندۇرۇشنى ئۆگەن. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئۆگەت.

▲ ئەگەر سەن ۋىجدانىڭغا زىيانكەشلىك قىلساڭ، ۋىجدانىڭ سەندىن ئۆچ ئالىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ يامان گېپىنى ئاڭلىما، دۈشمىنىڭنىڭ يامان گېپىنى سۆزلىمە.

▲ قەرزىڭنى قايتۇرۇۋەتسەڭ نېمىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسەن.

▲ سەن بىلىدىغان، سەن قەرز بولغان، شۇنداقلا سەن قىلالايدىغان ھەممە نەرسىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈۋەتمە.

▲ ھەربىر مىللەتتە باشقا بىر مىللەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تارتقۇدەك جاسارەت بولىدۇ. شۇنداقلا باشقا مىللەتنى كەچۈرەلىگۈدەك جاسارەتمۇ بولىدۇ.

## 2

▲ ھاياتلىق سەپىرىدە ئۈمىد، ئىشەنچ، قەتئىي ئىرادىنى ھەر ۋاقىت ھەمراھ قىلغان كىشى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلەيدۇ. ئىشەنچنى يوقاتقان ھايات پاجىئەلىك ھاياتتۇر. تېخىمۇ قاش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات بىچارىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە ئىشىنىش ھاياتلىق سەپىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ـــ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسىدۇر.

▲ يامانلارمۇ ياخشىلاردىن يامانلىق كۈتمەيدۇ، چۈنكى ياخشىلار يامانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى دانا ھېسابلىساڭ، بۇ ئالەمدە مۇھەببەتسىز ئۆتۈپ كەتمە.

▲ ھەسەل بىلەن شاراب، ھىجران بىلەن ۋىسالغا ئوخشايدۇ،

ئۇنى تېتىپ كۆرمىگەن ئادەم قايسى تاتلىق، قايسىسى ئاچچىق نەدىن بىلسۇن.

▲ ئادەمگە كېسەللىك ۋە بىئاراملىق گالدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ دورىسى، داۋاسىمۇ گالدىن كىرىدۇ.

▲ كۆپ يېگۈچىلەرنىڭ تامىقى دەرد بولىدۇ. تامىقى دەرد بولغان كىشى دائىم كېسەلچان بولىدۇ.

▲ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى تەن ساقلىقتۇر. بەدەننىڭ ساغلاملىقى ۋە ساغلاملىقىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆڭۈلنىڭ ساغلاملىقى ۋە بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر.

مەملىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خاراب بولۇشى پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشىغا باغلىق. پادىشاھ مەملىكەتتىن ئىبارەت بەدەننىڭ جېنىدۇر، كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر.

▲ شەيتان ئىنساننى يوقلاپ كېلىشكە ۋاقتى يەتمىگەن چاغدا ھاراقنى ۋاكالىتەن ئەۋەتىدۇ.

191

▲ ئادەم ھاياتلىقىدا بازارنى، ئۆلۈكى بىلەن مازارنى ئاۋات قىلغىلى كەلگەن ئەمەس.

▲ تۇنجى قەدىمىڭ ئاستا بولسا، كېيىنكى قەدەمدە يېتىشەلمەيسەن.

▲ ئۆزۈڭنى كۈچلەندۈرمىسەڭ كۈچلۈكلەرگە بېقىنىسەن، ئۆزۈڭنى باشقۇرمىساڭ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىسەن.

▲ كەم سۆز ئاياللارغا نىسبەتەن نازاكەتلىك ھېسابلانسا، ئەرلەرگە نىسبەتەن گومۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئۇنتۇش ئاسان بولغان بولسا، دۇنيادا ئازاب بولمىغان بولاتتى.

▲ زېرىككەك بولما، تېرىككەك بولما، كۆڭۈلچەك بولما، ئېرىنچەك بولما.

▲ يادا بولۇپ كەتكەن نەرسىنى تەكرارلاش بىزارلىقنىڭ

باشلىنىشى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت يوقالغان كۈن ـ دەل قىيامەت ـ قايىم بولغان كۈن. بوۋام باشقىلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە ئەمەس نېمە قىلغانلىقىغا قاراپ دەپ تەلىم بەرگەنىدى. مەن بوۋامنىڭ شۇ تەلىمىگە ئاساسەن، ئىنساب ـ دىيانەت پاكلىق ۋە ۋىجدان ھەققىدە جار سالغانلارنىڭ قىلىقىغا قارىغانىدىم. ئۇلاردىن رايىم قايىتتى. بايلارنىڭ نامراتلارغا قىلغان ياردىمى ساخاۋەت دەپ قارالسا، نامراتلارنىڭ بايلارغا قىلغان ياردىمى خۇشامەت دەپ قارىلىدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشلارنى كۆپىنچە «ئادىمىي ھايۋان» قىلىدۇ. ھازىرقى ئادەملەر كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ ـ يۇ، كەلگۈسىدە ياشىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بالاڭنى كىچىك ۋاقتىدا باشقۇرمىساڭ، كەلگۈسىدە سېنى باشقۇرىدۇ. بۈگۈنكىلەرنىڭ يالغانچىلىقى ئەتىكىلەرنىڭ ساختىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدا مەردلىشىدۇ، قېرىدىغانسېرى پىخسىقلىشىدۇ. ئەگەر ئاۋام ـ خەلق ئىتائەتچان بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ يالغان گېپىمۇ ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ.

▲ بىر كىشى ھاياتىدا باشقىلارغا ياردىمى تېگىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ ھەممە ئادەمگە دوستانە پوزىتسىيەدە بولۇشى ھەمدە شۇنىڭدىن خۇشاللىقىنى ئېرىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، دېگىلى بولمايدۇ.

▲ ساپ يۈرەك، باشقىلارنى سۆيۈش، سەمىمىي، سادىق، ئەپۇچان روھنى بىر خىل بايلىق دېيىشكە بولىدۇ. ياخشى كەيپىيات، ياخشى روھقا ئىگە كىشىنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ.

▲ بىز گەرچە باشقىلارغا كۆپلەپ مېھىر ۋە ھېسداشلىق قىلساقمۇ، باشقىلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرسەكمۇ ئۇ نەرسىلەر بىزدە ئازلاپ قالمايدۇ. ئەكسىچە باشقىلارغا بەرگىنىمىز قانچە كۆپ بولسا، بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ مەن چۈشۈمدە ھاياتنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.

ئويغىنىپ ھاياتنىڭ مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

▲ ھاياتنى بىر باش پىيازغا ئوخشاتساق، بىر قېتىمدا بىر قاتتىن سويىمىز. سويۇش جەريانىدا كۆزلىرىمىزدىن ياش ئاققۇزىمىز.

▲ ئۈمىدلىك كىشى مۇزىكىسىزمۇ ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ.

## 3

▲ تۈنۈگۈن ئۆتكەن چۈش، ئۇ قايتىلانمايدۇ.

▲ ھايات پۈتكۈل ھاياتلىقتىن بۇرۇن كەلگەن.

▲ ھايات بىزنىڭ مۇھەببەتلىك خەزىنىمىزنى تولدۇرىدۇ.

▲ ھايات بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمىزگە دائىم ئاچچىق مۇئامىلە قىلىدۇ.

▲ ھايات سۈكۈتتە تۇرغان چاغلىرىمىزدا ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇخلاۋاتقاندا چۈشلىرىمىزنى قوراشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇتۇقۇشسىزلىققا ئۇچراپ مەغلۇپ بولغان چېغىمىزدا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئالىي تەختىدە ئولتۇرىدۇ. بىز نالە قىلىپ يىغلىغان چاغلىرىمىزدا، ئۇ كۈندۈزلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ؛ بىز كىشلەر بىلەن بوغۇلغان چاغلىرىمىزدا، ئۇ يەنىلا ئەركىن.

▲ ھايات سىرلىق، ئالىيجاناب ۋە يىراقتا. گەرچە سىلەر بارلىق كۆز قۇۋۋىتىڭلار بىلەن يىراقتا قارىغىنىڭلاردا، پەقەت پۈتىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرەلىسەڭلارمۇ، ئۇ يەنىلا سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا. پەقەت سىلەرنىڭ نەپسىڭلار، پەقەت سىلەرنىڭ كۆلەڭگەڭلارنىڭ كۆلەڭگىسىلا ئۇنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتەلەيدۇ. سىلەرنىڭ ئۆسۈشىڭلارنىڭ ئەكس سادالىرى ئۇنىڭ باغرىغا باھار ۋە كۈز پەسلىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ھايات تولىمۇ زىبا، ساھىبجامال قىز، ئۇ بىزنى مەپتۇن ـ مەھلىيا قىلىدۇ. ئۇ بىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئالىدۇ. ئەگەر ۋەدىمىزدە تۇرمىساق، بىزنىڭ سەۋر ـ تاقەت-

لىرىمىز ئىسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ۋەدىمىزگە سادىق بولساق، بىز ئەبەدىي زېرىكىش ھېس قىلمايمىز.

## 4

▲ ئازابلانغان يۈرەككە ھەممىدىن بەكرەك تەسەللى بېرىدىغىنى نارەسىدە بالا.

▲ ئەتىگەن قانچە ئىنتىلگەنسېرى بۈگۈن شۇنچە مەنىسىز تۇيۇلىدۇ.

▲ قەدرىڭ ئۆتۈلمىگەچكە قەدىرلىك بولالمايسەن.

▲ دۇنيادا سېنى چۈشىنىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى سېنى سۆيىدىغانلار ئازلاپ بارىدۇ.

▲ تەبىئىي خۇشال بولغان بىر يۈرەك ھەرقانچە قىيىنچىلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئۇ ساغلام ۋە بەختلىكتۇر. تەبىئىي غەمكىن بولغان بىر يۈرەك ھەرقانچە راھەت ۋە ھالاۋەت ئىچىدە ياشىسىمۇ ئۇ يەنىلا بەختسىزدۇر.

▲ تۈنۈگۈن ئۆچۈن ياش تۆكمەي، ئەتە ئۈچۈن ئويلان.

▲ بىردەملىك خۇشاللىق مەڭگۈلۈك خۇشاللىقنىڭ گۇۋاھچىسى بولالمىغىنىدەك، بىردەملىك بەختمۇ، ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكنىڭ گۇۋاھچىسى بولالمايدۇ. سۆيگۈ رەھىمسىز ھەم شېرىن نەرسە، سەن ھەرگىز مۇھەببەتنىڭ خۇشاللىقىدا شادلىنىپ قايغۇسىدا ھەسرەتلىنىپ كەتمە، دۇنيادا پارقىراپ تۇرغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس، ئېچىلغاننىڭ ھەممىسى گۈل ئەمەس، تىرىك تۇرغاننىڭ ھەممىسى ھاياتلىق ئادەم ئەمەس، بەللە يۈرگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا مۇھەببەت ئەمەس.

▲ مۇھەببەت ئىنسانىي يۈرەكنىڭ يالقۇنلۇق ئارزۇسى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك جەۋھىرىدۇر. مۇھەببەتسىز ھايات قەدىرسىز ياپراققا ئوخشايدۇ. ھاياتلىق مۇھەببەتكە موھتاج، مۇھەببەت

مېھىر ـ ۋاپاغا موھتاج. ئىنسان ئۇچۇن چەكسىز خۇشاللىق، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان كىشىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشتۇر، ئەمما ھېچقانداق ئىنسان مۇھەببەتنى كۆز بىلەن كۆرەلمەيدۇ، قول بىلەن تۇتالمايدۇ، پەقەت يىل بىلەن ئىسپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

▲ ئېگىز ۋە يىراق بىر نۇقتىنى كۆڭلىڭىزگە پۈككەندە، كۆز ئالدىڭىزدىكى ھەربىر تەپسىلاتقا سەل قارىماڭ، دەرەختىكى كىچىككىنە بىر بىخ ئەتە بۈك ـ باراقسان شاخ بولىدۇ..ھەر كۈنى كىچىككىنە بولسىمۇ بىر ئەمەلىي ئىش قىلىڭ. شۇنداق بولغاندا، سىزنىڭ شۇ كۈنىڭىز خاتىرجەم ۋە پۇشايمانسىز ئۆتىدۇ.

## كىشىلىك مۇناسىۋەت ھېكمەتلىرى

### 1



▲ قايغۇ ـ ھەسرەت سېنى قانچىلىك ئەسىر قىلسىمۇ، كۆز قانچىلىك يىغلىسىمۇ يەنە بەربىر كۈلىدۇ. دۇنيانىڭ قائىدە ـ قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق، ياخشى ـ يامان (ئىشلار) نەچچە يىل داۋام قىلسىمۇ، بىر كۈنى تۈگەيدۇ.

▲ مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىنغان ھەممە سۆزىنى ئوقۇپ چىقىدىغان، ھەتتا ئازراق بولسىمۇ جاۋابىنى بېرەي دەيدىغان بولسام، باشقا ئىشلارنى تاشلاپ قويسام بولىدۇ. مەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياخشى قىلىشىم كېرەك. مەن باشتىن ـ ئاخىر ئۆز مۇددىئايىم بويىچە ئىش قىلىمەن. ئەگەر ئەمەلىيەت مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىنغان سۆزلەر تەبىئىيكى، پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

▲ ئادىل بولمىغان تاپا ـ تەنىگە ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۆزد-

گىزنىڭ ئىشىگىزنى قىلىۋېرىڭ، كۆڭلىڭىزدىكى كۈنلۈكنى ئېچىپ ھەر خىل پىتنە ـ ئىغۋا، سۆز ـ چۆچەكلەرنى توسۇۋېلىڭ، ئاشۇنداق قىلسىڭىز ھېچقانداق ھۇجۇم سىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

▲ ئازادلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

▲ يېڭى بىر كۈنۈگنى تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋال!!!

## 2

▲ بىراۋنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغانلىق، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى كۆزلەپ جېنىغا زامىن بولغانلىق بىلەن باراۋەر بولسا، ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغانلىق، ئاستا تەسىر كۆرسىتىدىغان زەھەرلىك دورا يېگەن بىلەن ئوخشاش.

▲ ئىرادىلىك كىشىلەر ھايات سەپىرىدە يولۇققان قورام تاشنى ئالغا بېسىشتىكى پەلەمپەي قىلسا، ئىرادىسىز كىشىلەر ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى توسالغۇ، دەپ بىلىدۇ.

▲ بىكارچىلىق ئىنسان ئۈچۈن بىر دۈشمەن، ئۇ ئادەمنى ھېچنەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھۇرۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

▲ ئىشەنچ يوقاتقان ھايات پاجىئەلىك ھاياتتۇر، تېگىرقاش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات بىچارىلىكتۇر. ئۆزىگە ئىشىنىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى، ئىشەنچسىزلىك مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسى.

▲ئادەمنىڭ قىممىتى يېشى بىلەن ئەمەس، تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

196

## 3

▲ ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا ئەرزىگۈدەك مەلۇم نەرسىنى تېپىش كېرەك.

▲ كىشىلىك ھاياتنىڭ بىردىنبىر ئاقىلانە مەقسىتى يەر يۈزىدە جەننەت بەرپا قىلىش.

▲ ۋەتەننى تاشلاپ ياتلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ئادەم ياتلارنىڭمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قېرىنداشلىرىنىڭمۇ لەنەتىگە ئۇچرايدۇ.

▲ ئامەت ـ تەلەينىڭ پۈرستى سامانيولىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم تۇرغاندا كۆزگە چېلىقمايدۇ، بىر گەۋدىگە ئايلانغاندا كۆزلەرنى چاقنىتىدۇ.

▲ ئەجرىگە خۇشاللىق شېرىك، ياخشى كۈنلەرگە يامان كۈنلەر شېرىك، مانا بۇ ھايات.

197

## 4

▲ ھايات ــ ئۆلۈم ۋە ياشاش كوچىسىغا تاشلانغان زاكىلانغان بوۋاق.

▲ ھايات ــ دائىم ھايات ۋە مامات بۆشۈكىدە تەۋرەنگەن پەرزەنت.

▲ ھايات ــ ئۆلۈم ۋەھىمىنى قەلبىگە يوشۇرغان ئەزرائىلنىڭ تۇغقىنى.

▲ ھايات ــ ئۆلۈم ئۈستىدىكى زەپەر.

▲ ھايات ــ ئۆلۈم ئالدىدىكى كۈرەش.

▲ ھايات ــ مەۋجۇتلۇقنىڭ كۆز ئالدىڭدىكى سىماسى.

▲ ھايات ــ مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىقى

## 5

▲ بىر ياخشى ھەمراھ بىلەن ئائىلە قۇرۇش سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىنمۇ مۇھىم ھەم قىيىندۇر.

خۇشاللىقنى ئۆزىدىن ئىزدەشنى بىلمىگەن ئادەم، بەختنىڭ يولىنى تاپمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن.

▲ دۇنيادا بىرىنچىدىن ئاشقىنىڭ، ئىككىنچىدىن گۇناھ- كارنىڭ، ئۈچىنچىدىن ھاجەتمەننىڭ تىلى قىسقا بولىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيادا نېمىلەرنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەندىلا، خاتالىقتىن ساقلىنالايدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى، ئۆزىنى يېڭە- لىگەن ياكى يېڭەلمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

▲ نەسىھەتنى ئاڭلىمىغان ئادەم تەسەللىگە موھتاج.

▲ ھەقىقىي ئازابلانغان كىشىنىڭ كۆزى ئەمەس، بەلكى يۈرىكى يىغلايدۇ.

▲ ئادەم نېمىگە ئېرىشىشنى ئويلىسا، شۇ نەرسىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشايدۇ.

▲ ئۆزۈڭ چۈشەنمىگەن نەرسىگە مەڭگۈ ئىگە بولالمايسەن.

▲ نادان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قىلغان ئىشىنى، ئەقىللىك ئادەم دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ.

▲ يول كۆرسەتكەن دوست ئەمەس، يول باشلىغان دوست.

▲ سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى قەدىرلەشنى بىل، باشقىلار سېنى قانداق قەدىرلەشنى سەندىن ئۆگىنىدۇ.

▲ ئۆزئارا ئىشەنچ بولمىغان يەردە، ئاددىي ئىشمۇ مۇرەككەپ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ كۈلگىن ھېسابلىق كۈلگىن، يىغلا دەردىڭ چىققۇچە يىغلا.

▲ مەغلۇبىيەت گاھىدا بىز ئۈچۈن يېڭى بىر كۈننىڭ باشلىنىشى.
▲ مۇھەببەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ــ ئۈجمە كۆڭۈللۈك.
▲ ھوقۇق ۋە دۇنيا ئادەمنى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

## 6

▲ ئادەمگەرچىلىكى بار كىشى ئۆزىنىڭ نەرسىسىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدىغان نەرسىدىن باشقىسىغا ئىگىدارلىق قىلمايدۇ.
▲ نېئمەتنىڭ قەدرى ئۇ يوق چاغدا ئۆتۈلىدۇ.
▲ ھەرقانداق يېڭى نەرسىدە لەززەت بار.
▲ بۈگۈننىڭ ئىلاجىنى قىلىپ ئەتىگە ھاجىتى قالمىغان ئادەم ئەقىللىكتۇر.

▲ مىننەت قىلىش بېرىلگەن ئاش ـ تۇزنى يوققا چىقىد-ىرىدۇ.
▲ دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار رازى بولغان دەۋا ـ دەستۇردىن قازى نارازىدۇر.
▲ تەڭلىك ھۆكۈم سۈرگەن جايدا ساتقىن، ئالدامچى، غەم ـ غۇسسە بولمايدۇ.
▲ ئادەملەردە بىر يامان خۇي باركى، ئۆزلىرى ياقتۇرغان ئادەملەرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ياقتۇرمىغان كىشىلەرنى تەنە قىلىشىدۇ، يامان كۆرىدۇ.

## 7

▲ ئۆزىنى تونۇتقان ئايال بۈگۈننىڭ گۈلى، ئەتىنىڭ

كۆلىدۇر. ئۆزىنى تونىغان ئايال بوگۈنىنىڭ تىرىنىرى، ئەتىنىڭ سىرىدۇر.

▲ كۆپنى كۆرگەن تەمكىن بولۇپ، كۆپنى سۆيگەن غەمكىن.

▲ بەك چىرايلىق بولساڭمۇ، بەختىڭنى باشقىلار بۇلاپ كېتىدۇ.

▲ قانۇندىن گۇمانلانمايمىز، ئەمما سوتچىدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمىز.

▲ كۆلكە پاسپورت، سەممىيەت ئۇنىڭ تامغىسى، شۇلار ئارقىلىق ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە بىمالال كىرىپ كېتەلەيسەن.

▲ قىزىققان نەرسەڭنى چۇشەنگەندىن كېيىن، يا ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ئاتىۋېتىسەن، يا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىسەن.

▲ خىيالدىكى ئادەم بىلەن خىيالدا ياشاش، ئەڭ لەززەت-لىك.

▲ بىرگە بەك ھېسسىياتسىز ئادەم بىلەن، يەنە بىرگە بەك رومانتىك ئادەم بىلەن بىرگە بولۇش ئادەمنى ئوخشاشلا قىيناپ قويىدۇ.

▲ خۇشاللىققا بىرگە بولغىلى بولىدۇ، ئازابقا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ.

▲ قايىللىقتىن مايىللىق شەكىللىنىدۇ، مايىللىقنىڭ يېرىمى مۇھەببەت، يېرىمى ھۆرمەت.

▲ قىزلار يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن يىغلايدۇ، بىرى سەۋر قاچىسى توشقانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرى تەڭ تۇرالمىغىنى ئۈچۈن.

▲ ئەرلەر زەئىپلەشتى، ئاياللار ئەسەبىيلەشتى، باللار چۈشكۈنلەشتى، ئائىلە ئاجىزلاشتى، ئانا تەبىئەت ئۇنىسىز ياش تۆكتى.

▲ تىنچ ھايات، تىنچ ھايات... دەيسەن. تىنچ تۇرغان كۆل سۈيىنىڭ قۇرتلاپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟!

▲ ئەخلاقسىزلىق جەمئىيەتلەشسە، باللارغا ئائىلە تەربىيەسى كار قىلمايدۇ. قەلبىنىڭ ھاجىتى ئىنتايىن ئاددىي بولىدۇ، ئۇنى مۇرەككەپلەشتۇرىدىغىنى تۇرمۇشتىكى جەريان.

▲ ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتى، ئۆزلىرى ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتىدۇر.

## 8

▲ قىزىم، سەن دۇنيادا ئەڭ گۈزەل! بىراق سەن نەسىھەتسىز يۈرسەڭ بولمايدۇ. سېنىڭدىن كەچسەم كېچىمەنكى، ئېتىقادىڭدىن كېچەلمەيمەن!

▲ ئوغلۇم ــــ سەن دۇنيادا ئەڭ باتۇر! بىراق ھەرقانچە باتۇرلۇقمۇ مېھىر - مۇھەببەت ئالدىدا بىر تۇتقۇن. ئېسىڭدە تۇت، ئېتىقادىڭدىن يانماي ئەقلىڭ بىلەن ئىش كۆر. ئۇلار ساڭا قايسى يولنى كۆرسەتسە، شۇ يولدا ماڭ.



▲ سەن دۇنيادا ئەڭ ئوماق! سېنىڭ نازلىنىپ تۇرۇشلىرىڭ، ماڭا ئاناڭنىڭ ياش چاغلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

▲ ئېسىڭدە تۇت، ھەقىقىي گۈزەللىك ئادەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىدە... دىلىڭ پاك بولمىسا، ياۋايىلارغا يەم بولىسەن!

▲ ھەقىقىي قىممىتىڭ بىلەن ياشاي دېسەڭ، ئاناڭنىڭ ساڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن ئۆگەن. ئۇنداق قىلمىساڭ مەڭگۈ پۇشايماندا قالىسەن!

▲ دوستۇم ــــ سەن دۇنيادا ئەڭ ساداقەتمەن. سېنىڭدىكى ساداقەتنى ئاللاھتىن باشقا كۈچ توسۇۋالالمايدۇ!

▲ مەن ئالدىڭدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزسەممۇ، دىلىڭغا چىقىن قونمىسۇن. چۈنكى سەن بولغاچقىلا مەن، ھازىرمۇ ئۆزۈمنى باللىق چاغلىرىمدىكىدەكلا ھېس قىلىمەن.

## 9

▲ دوستۇم ئېھتىيات قىلغىن، ئېھتىيات قىلىش ھەرگىزمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ.

▲ جەمئىيەت خۇددى ئەينەككە ئوخشايدۇ. قانداق قىلساڭ شۇنداق كۆرۈنىسەن.

▲ ئەتىرگۈلنىڭ تىكىنى بار، لېكىن ئۇ گۈللەرنىڭ تاجىسى.

▲ سەن ئىككى كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەن، سېنى مىڭ كۆز بىلەن كۆرىدۇ.

▲ ماڭىدىغان يولۇڭ ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ماڭغىن.

▲ ئالتۇن تاغقا تايانماي، ئىككى بىلىكىڭگە تايان.

▲ سەن باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ، سەنمۇ باشقىلاردىن شۇنداق مۇئامىلىگە ئېرىشىسەن.

▲ ھايات قۇربان بېرىش، يوقىتىش، ئېرىشىش، تەقدىم قىلىش دېمەكلىكتۇر.

## 10

▲كىمدە جاھىل خۇي بولسا، زامان ئوقى ئۇنى رەنجىتىدۇ. كىشىلەردىن رەنجىمە، ئۇششاق سۆزلىمە، توغرا سۆزلىگىن، بار سۆزنى يوشۇرما!

▲ ئۆزۈڭگە لايىق كۆرمىگەننى خەلققىمۇ راۋا كۆرمە.

▲ كىمنىڭ ئەسلى ياخشى بولسا، ھەرىكىتى يېقىملىق بولىدۇ، يامانىنىڭ ئەسلىگە ئۇنىڭ ئۆزى ھەرىكىتى گۇۋاھتۇر.

▲ دىققەت قىلساڭ، ئىنسان قانچىلىك مۇڭلۇق ـ ھە؟ شادلىقى ئاز، پۈتۈن ۋۇجۇدى قايغۇ ماكانىدۇر.

▲ بەزىدە ۋىسال شادلىقى مەپتۇن قىلىدۇ، بەزى پىراق ئەلىمى يىغلىتىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆزى غەپلەتتە ياشىغان بولسا، ئۆزىگە ئۆكۈن-سۇن، ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن.

▲ مۇلايىم، توغرا مىجەزلىك كىشىنىڭ كۆڭلى ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتلىك بولىدۇ.

▲ كىشىدىن جاھاندا بىر ياخشى نام، بىر ياخشى نىشان قېلىشى لازىمدۇر.

▲ مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر، ئەمما توغرا، چىن ۋە ھەق ئادەم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەزىز.

▲ ئەلنىڭ نۇقتىسى ۋە قۇلۇپى ئىككى نەرسىدۇر، بىرى، ھوشيارلىق، يەنە بىرى مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قانۇنىدۇر.

▲ يامانلارغا ھەيۋە، سىياسەت كېرەك، ياخشىلارغا بولسا، دائىم ھۆرمەت كېرەك.

203 ▲ مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كېرەك، قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن كۆپ مال ـ دۇنيا ئېلىش-قا خەلق باي بولۇشى كېرەك، خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن يولغا قويۇلۇشى لازىم.

▲ پاشا مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرسىمۇ، پىل كۆتۈرگەن يۈكنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

▲ يۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئۇرۇشتىن باتۇر تولا.

▲ خىزمەت قىلما، ئەگەر قىلساڭ، ئەرزىگەنگە قىل، لاياقەت-لىك بەگ خىزمەتكارنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ، خىزمەت قىلما، قىلساڭ سېخىينىڭ خىزمىتىنى قىل، بىلگىنكى، سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشىكى كۈمۈشتۇر. ئەي خىزمەت قىلغۇچى، خەسىسكە خىزمەت قىلما، بولمىسا ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ. ئۆزۈڭ يامان بولسەن، خەسىس ئۆز نەرسىسىنى ئۆزىدىن ئايايدۇ، ئېيتقىنچۇ قانداقمۇ باشقىنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ؟!

# غايە، ئېتىقاد ھەققىدە ھېكمەتلەر

## 1

▲ مەنىۋى تۇرمۇشقا باي ئادەم ئىنتايىن غايىلىك ئادەم، ئىنتايىن ئالىيجاناب ئادەم، تۇرمۇشىنىڭ قۇلى بولماي پەقەت خوجايىنى بولىدىغان ئادەمدۇر.

— جاۋجۇ

▲ ئەگەر كىمچى ئۆز مەنزىلىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ يەلكەن-لىرىگە شامالنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرلۈكى نە ھاجەت.

— سېنگار

▲ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇلارنىڭ نېمىش قىلىۋات-قىنىدا ئەمەس، بەلكى نېمىش قىلماقچى بولۇۋاتقىنىدا.

▲ ئۇلۇغۋار ئىرادە ئۇلۇغۋار كىشىلەرنى يارىتىدۇ.

— توۋ.فوللې

▲ ئەتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمىگەن ئادەم نەزىرىدىكى كېچە نېمىدېگەن ئۇزۇن كېچە ـ ھە!

— چىخوف

▲ ئومۇمەن ئۆز بەختىنى نىشان قىلغان كىشىلەرلا دۇرۇس كىشىلەر، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى نىشان قىلغان كىشىلەر ئاجىز كىشىلەر، باشقىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى نىشان قىلغان كىشىلەر پەزىلەتلىك كىشىلەردۇر.

— لېۋ. تولستوي

▲ قاراڭغۇلۇقتىن يولغا چىققان ئادەمنى سۈبھى كۈتۈۋالىدۇ.

— ياۋروپا تەمسىللىرى

▲ ھەيۋىنىڭ كۈچىدىن تىكلەنگەن ئېتىقاد ھەقىقىي ئېتىقاد

ئەمەس، ئۇ پەقەت دىنىنىڭ زاۋاللىقىقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ھۆكۈمىدۇر.

— ئېمېرسون

▲ ئىشەنچ بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، يوقلۇق بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ.

— توۋ. مور

▲ ئىشەنچ كىشىلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى. ھېچنېمىگە ئىشلەمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بەختىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

— خوگو

▲ كۆكتە قارا بۇلۇت پەيدا بولغىنىدا بىز ئۇنى: بۇ پەقەتلا ۋاقىتلىق، قاراڭغۇلۇق ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. سۈبھى ئالدىمىزدىلا دەپ قەيت قىلايلى.

— ماۋ زېدۇڭ

▲ ئۈمىد ھەتتا ئەزرائىل بىلەن جان تالىشىۋاتقانلارغىمۇ ھاياتلىق بەخش ئېتەلەيدۇ.



— ۋۆبېر

▲ ئۈمىد — گادايلارنىڭ بولكىسى.

— جوئى.خېربېرت

▲ ئەگەر مۇھەببەتنى ئۈمىدكە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا مۇھەببەتمۇ ئۈمىدنىڭ يوقىلىشى بىلەن تەڭلا يوقىلىدۇ. چۈنكى يېقىلغۇ تۈگىسە ئوتنىڭ ئۆچۈپ قېلىشى تەبىئىي - دە!

— گوۋنگ

▲ كىشىلىك ھايات گويا بىر ئوكيان، ئارزۇ - ئۈمىد گويا بىر كومپاس، سىلەر ئۇنىڭدىن دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلاردىمۇ ئۆز مەنزىلىڭلارنى كۆرەلەيسىلەر.

— پېترروفمۇ

## 2

▲ غايىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان بەخت ـ سائا-
دىتى ئىنسانلارنىڭ غايىگە ئىگە بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكى.

▲ غايىسىز ئادەم روھسىز تەن. غايە — يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ، غايە بولمىسا، مۇقىم نىشان بولمايدۇ، نىشان بولمىسا تۇرمۇشمۇ بولمايدۇ.

▲ غايە — پاكىتتىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

▲ غايە بىلەن ھەرىكەت بىرلىشىشى كېرەك. بۇنى سۆزلەپ قويغان بىلەن بولمايدۇ. مۇھىمى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.

▲ ئىرادە — بىر ئىنساننىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى.

▲ ئەڭ زور نامراتلىق ئىقتىدارسىزلىق، ئەڭ زور پەسكەش-
لىك ئىرادىسىزلىك.

▲ مەسئۇلىيەت — ئۆز ئىشىغا بولغان مۇھەببەت دېمەكتۇر.

▲ ئەڭ چوڭ بىمەنىلىك — مەنىسىز ئىشلار ئۈچۈن جاپا چېكىش.

▲ ئەتىكى ئىشنى ياخشى قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بارلىق زېھنىڭىز ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۈگۈنكى ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداڭ.

▲ بېشارەت — ئىنسانىيەتنىڭ رادارى.

▲ ئۈمىد — ئازابقا چېلىشقان مۇزىكا.

▲ بىپەرۋالىق ۋە ھورۇنلۇق — جان ۋە تەننىڭ ھەقىقىي مۇزلىشى.

▲ گۇمانلىنىش كەمچىللىك ئەمەس، لېكىن گۇمانلىنىپ ھۆكۈم چىقارماسلىق — كەمچىللىك.

## رىچاردنىڭ يىلنامىسىدىكى ھېكمەتلەر

▲ ئىت بىلەن بىرگە ياتقان ئادەمنى بۈرگە بېسىپ كېتىدۇ.

▲ ئاچچىق بىلەن باشلانغان ئىش خىجىلللىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ بالىڭىزغا ئاغزىنى يۇمۇشنى ئۆگىتىڭ، ئۇ ناھايىتى تېزلا سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

▲ بويسۇنۇشنى بىلمىگەن ئادەم قوماندانلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ.

▲ سوتچى قانۇنغا بويسۇنۇشى، خەلق سوتچىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

▲ دەرەخنىڭ تۈۋىدە توشقاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەمگە مەززىلىك تاماق كاپالىتى بولمايدۇ.

▲ يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيەت، تەڭ دېمەتلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش ئەدەپ، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنى ھۆرمەت قىلىش ئېسىل خىسلەت.

▲ بېلىق بىلەن مېھمان قىلىش ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە، بەلكى ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغان ئادەمگە مەنسۇپ.

▲ ئەگەر ئۆيىڭىزنىڭ دېرىزىسى ئەينەك بولسا، قوشنىلارنىڭ دېرىزىسىگە تاش ئاتماڭ.

207

▲ شان ـ شەرەپكە تۇتىشىدىغان مۇساپىدە شان ـ شەرەپ ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشنى ۋىجدان بىلەن قىلىش كېرەك.

▲ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئالىيجاناب سوئال: مەن قانداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايمەن؟

▲ ئەگەر ئۆلۈپ جەسىتىم چىرىپ كەتكەندە مېنى باشقىلار ئۇنتۇپ قالمىسۇن دېسەڭ، يا باشقىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئەرزىيدىغان

بىر نەرسە ياز، يا باشقىلارنىڭ يېزىشىغا ئەرزىيدىغان بىرەر ئىش قىل.

▲ ئەخلاقىڭنى سېتىپ بايلىق سېتىۋالما، ئەركىنلىكنى سېتىپ ھوقۇق سېتىۋالما.

▲ ئاۋۋال بالاڭنى ئۆزۈڭنى بويسۇندۇرۇشنى ئۆگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئۆگەت.

▲ ئەگەر سەن ۋىجدانىڭغا زىيانكەشلىك قىلساڭ، ۋىجدانىڭ سەندىن ئۆچ ئالىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ يامان گېپىنى ئاڭلىما، دۈشمىنىڭنىڭ يامان گېپىنى سۆزلىمە.

▲ قەرزىڭنى قايتۇرۇۋەتسەڭ، نېمىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسەن.

▲ سەن بىلمىدىغان، سەن قەرز بولغان، شۇنداقلا سەن قىلالايدىغان ھەممە نەرسىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈۋەتمە.

▲ ھەربىر مىللەتتە باشقا مىللەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب - ئوقۇبەتنى تارتقۇدەك جاسارەت بولىدۇ، شۇنداقلا باشقا مىللەتنى كەچۈرەلىگۈدەك جاسارەتمۇ بولىدۇ.



## بېكونىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى

▲ ھەربىر كىشىنى چوڭقۇر كۆزەتكەندىلا ئۇنىڭ تەلەيلىك بولۇش - بولماسلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. چۈنكى تەلەي ئىلاھى قارىغۇ بولسىمۇ، شەكلىسىز ئەمەس.

▲ تەلەي پەرستى خۇددى سامان يولىغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەككە - يېگانە تۇرغاندا كۆزگە ئانچە چېلىقمايدۇ. لېكىن، پۈتۈن گەۋدە بويىچە تۇرغاندا پارلاق نۇر چاچىدۇ.

▲ كۈتۈلمىگەن يەردىن كەلگەن تەلەي كىشىنى شاللاق ۋە ھاكاۋۇر قىلىپ قويىدۇ. جاپا ئارقىلىق كەلگەن تەلەيلا كىشىنى

ئۈمىدۋار كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

▲ كىشىلەر تەلەيىنىڭ «ئىشەنچ ۋە شۆھرەت» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قىزىنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ قىزلارنى تەلەي ياراتقان. ئىشەنچ كىشىنىڭ ئۆز كۆڭلىدە، شۆھرەت باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ھاسىل بولىدۇ.

▲ شۆھرەتنى ئۆزىگە تەئەللۇق دېگۈچىلەر ھامان بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

▲ ئوڭدىن كەلگەن تەلەيگە لازىم بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ھالبۇكى تەلەيسىزلىكنىڭ تەلەپ قىلغان گۈزەل ئەخلاقى — سۇباتتۇر.

▲ ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم ئىلاھقا ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئاددىي ئادەمدۇر.

▲ تەلەيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى كىشىنى روھلاندۇرىدۇ. تەقدىرنى بويسۇندۇرۇش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.



▲ تەلەي پۇرسىتى خۇددى بازاردىكى سودىغا ئوخشايدۇ. سەللا سۆرەلمىلىك قىلسىڭىز ئۇنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىدۇ.

▲ بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن پۇرسەتنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش — ناھايىتى تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەقىل - پاراسەت.

▲ بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئادەم تاماقنى ئالمان — تالمان يەپ ھەزىم قىلالماي قىينالغاندەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇنداق ئادەم زېرەك ھېسابلانمايدۇ. ئىشنى ھەم چاققان، ھەم سۈپەتلىك قىلغاندەك ھەقىقىي زېرەك ھېسابلىنىدۇ.

▲ كەڭتاشا كەلگەن كىيىم يوگۇرۇشكە قولايلىق بولغىنىدەك ئەتراپلىق ئويلىنىپ قىلىنغان سۆز سۆزنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

## هاياتتىن تەرمىلەر

### 1

▲ كىشىلىك هايات تولىمۇ مۇرەككەپ، خىلمۇخىل تەقدىر قىسمەت سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. خۇشاللىقتىن قايغۇسى كۆپ ئالەمنىڭ بىر كىشىلىك قەرز ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى قۇچاقلاپ ماڭىسىز.

▲ سىز قېچىپ قۇتۇلمايدىغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ئالدىدا مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىسىز، تەقدىر ئۇستىدىن زارلانماي تەقدىرنى هاپاشلاپ ياكى ئەگەشتۇرۇپ ماڭىسىز.

▲ هەرخىل پىتنە ـ پاساتلارغا يالغۇز تاقابىل تۇرىسىز. خىرىسلارغا دۇچ كېلىسىز. تېڭىرقايسىز هەم تەمتىرەيسىز، ئازاب ئىچىدە تولغىنىسىز.

▲ كۆزىدىن ياش ئاققۇزمايدىغان ئاقىلدىن، چىرايىغا كۈلكە يۈرگۈزمەيدىغان پەيلاسوپتىن، كىچىك بالىغا ئېگىلمەي تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان ئۇلۇغ زاتتىن يىراق تۇرۇڭ.

▲ مېكىياننىڭ بىر ئىشى تولىمۇ ئاقىلانە، ئۇ تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاالاقلايدۇ.

▲ هاياتلىق يولى ئەگرى ـ توقاي هەم ئۇزۇن. بۇ يولدا ئېزىپ كەتمەي دېسىڭىز، ئاقىل، دانا كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇڭ. كۆڭلۈم ئازار يېمىسۇن دېسىڭىز، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، ياخشى كىشىلەر بىلەن هەمسۆهبەت بولۇڭ.

▲ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇش هەم خاتا قىلغىنىغا ئۆكۈنۈش، خاتالىقىنى تۈزىتىپ توغرا يولغا قاراپ ئىلگىرىلەشنىڭ قايتىدىن باشلىنىشىدۇر.

▲ ئۆزئارا ئىشىنىش، هۆرمەت، ئىتائەت بەختلىك ئائىلە

قۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى. تۈۋرۈكسىز بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمىغاندەك، ئىشەنچ، ھۆرمەت، ئىتائەت بولمىغان ئائىلىمۇ بەختلىك ئائىلە بولالمايدۇ.

▲ قەتئىي ئىرادە ھاياتلىق يولىڭىزدىكى نۇرلۇق مەشئەل. پەقەت سىز يولىڭىزدىن قايتمىسىڭىزلا ئۇ سىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىڭىزنى يورۇتۇپ، كۆزلىگەن نىشانىڭىزغا توسالغۇسىز يېتىپ بارالايسىز.

▲ ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىدۇر.

▲ ئەڭ زور شەرەپ مەڭگۈ مەغلۇپ بولماسلىقتا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشتا.

▲ ئادەم ئۆزىنى جەمئىيەتكە ئاتا قىلغاندىلا رېئاللىقتىكى قىسقا ھەم خەۋپلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىپ چىقالايدۇ.

211 ▲ باشقىلارنىڭ قانداق ياشىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، لېكىن ئۆزۈڭ مەنىلىك ياشىشىڭ، يەنە كېلىپ بەختلىك ياشىشىڭ كېرەك.

▲ توردىن قۇتۇلۇپ چىققان بېلىقلارنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدا سۆزلەش سالاھىيىتى بار.

▲ تارىخ ھۆكۈمرانلار ۋەدىلىرىنىڭ يالغانغا ئايلىنىشى جەريانىدا ئېگىز- پەس ئىلگىرىلەيدۇ.

▲ نادان كىشىلەر ئاق قەغەزدەك بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. بىلىملىك كىشىلەر تۈرلۈك كىتابقا ئوخشاش بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

▲ تاغلارنىڭ جىنس پەرقى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار مەڭگۈ ئايرىلىق ساقلاپ تۇرىدۇ. سۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقى، شۇڭا سۇ سۇنى كۆرگەن ھامان بىرىكىپ كېتىدۇ.

▲ ئەقىلنى تۇپتۇز يول دېسەڭ، ھېسسىيات بۇ يولدىكى پۈتاق.

▲ ھېسسىياتىڭىز مۇزلىغاندا، ئېتىقادىڭىز پەلسەپىدە بولسا ئۇ ھامان سىز چوقۇم بەختلىك ھەم ئالىيجاناب ئادەم.

▲ كىشىلىك ھايات خۇددى تونىللاردىن ئۆتىدىغان تاغ يولىغا ئوخشاش نۇرغۇن قاراڭغۇلۇقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاندىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

▲ بۈگۈن ئەتىگە ئورۇن بوشىتىپ بەرسە، ئۆتكۈن ئەتىنى تارتىۋالىدۇ. بۇ ئىنسانلار سىياسەت تارىخىنىڭ مەزمۇنى.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش — بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىر ئۆمۈر شۇغۇللانماقچى بولغان ھەقىقىي ئىشنى بايقىيالماسلىقى ياكى ئۆزىنىڭ جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋاتقانلىقىنى بايقىشى ياكى مۇھىتنىڭ زورى بىلەن قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشكە ئۇيغۇن بولمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشىدۇر.

## 2



▲ بەزىلەرنىڭ ھاياتى تىنچ كۆلگە، بەزىلەرنىڭ ئاق بۇلۇتلار لەيلىشىپ تۇرغان چەكسىز ئاسمانغا، بەزىلەرنىڭ مۇنبەت تۇزلەڭلىككە، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇزۇك - ئۇزۇك تاغ چوققىسىغا ئوخشايدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتى، ھايات سەپىرىدە قالدۇرغان ئىزى ئوخشاش بولمايدۇ.

▲ ھايات خەنجىرى كۆكسىگە تەڭلەنگەندە ئۇنىڭغا تىك قاردىيالايدىغان، ھايات دورىسى بېشىغا تەگەندە، مىشچان قىزدەك ۋايساپ كەتمىگەن، ھايات شېرىن مەي بولغان جامنى تەڭلىگەندە، ئىچە - ئىچمەيلا مەست بولۇپ كەتمىگەن، ھايات گۈزەل پەرى سىياقىدىكى شەيتاننى ئالدىغا ئەۋەتكەندە، ئۇ شەيتان ناز - كەرەشمە قىلغاندا سىمابتەك ئېرىپ كەتمىگەن ئادەملا ھەقىقىي ئىنسان بولالايدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرەلىگۈدەك ئىشلارنى قىلالىشى ناتايىن.

## 3

ھايات شاۋقۇنسىز تىنىق كۆل ئەمەس، بەلكى دولقۇنلىرى قىرغاققا رەھىمسىز ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان شاۋقۇنلۇق دېڭىز، ئىنسان دېڭىزىدىكى يەلكەنسىز كېمە. يەلكەنسىز كېمىنىڭ تۇپتۇز يولى بولمىغاندەك، ھاياتلىق دەرياسىنىڭ ئېنىق بۇرجىكى يوق. شۇڭا، ئۇ بەزىلەرنىڭ قەلبىنى شادلىق ئىلكىدە يايراتسا، بەزىلەرنىڭ قەلبىنى خۇددى ھەرە كۆنىكىدەك رەھىمسىز پۇچىلايدۇ. ناھايەت بۇ ھاياتلىق رەزىللىك بىلەن رەھىمدىللىكنى، قۇۋلۇق بىلەن ياخشى نىيەتنى، ۋىسال بىلەن ھىجراننى، ھوقۇق بىلەن ئابرۇينى، مەغرۇرلۇق بىلەن كەمتەرلىكنى، راست بىلەن يالغاننى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇپ ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلىدۇ. ۋەھالەنكى تۇرمۇش قايناملىرىنى ئەنە شۇنداق زىلزىلىگە سېلىۋاتقان شۇ ئىنسانلار ئۆز يولىدا كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىسى بېسىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر داۋاملاشتۇرۇپ ھاياتلىقنىڭ شاۋقۇنىنى ئاخىرقى قىرغاققا يەتكۈزىدۇ. ئەپسۇس شۇنچە ئىنسانلار ئۆز يولى بىلەن داۋام قىلىۋاتقان بۇ دۇنيا ھاياتلىقنىڭ بەزى كىشىلەرگە بىھۇدە ئازاب، بىھۇدە خورلۇق، بىھۇدە ئاچچىق «سوۋغا» قىلغىنىغا ھەيرانمەن.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

«كەلىلە ۋە دېمنە» (كىتاب) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ئەخلاق بوستانى ۋە ئەدەپ گۈلىستانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ئەدەپنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر، 1 ـ، 2 ـ، قىسىم» (كىتاب). شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«دۇردانىلەر خەزىنىسى» (كىتاب) شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«چاچرىغان چوغ» (كىتاب) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«قىزىل تۇلكە» (كىتاب) شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ئوغلۇمغا قالدۇرۇلغان 66 نەسىھەت» (كىتاب) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«ھەقىقەت ھەققىدە ھېكمەتلەر» (كىتاب) شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون، ئۈن ـ سىن نەشرىياتى (كىتاب) 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
«شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «ھاياتلىق»، «تەرمىلەر»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «فىلىيەتونلار» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر، «تەڭرىتاغ»، «ئىمز»، «ۋارىسلار»، «ئەپچىلەم»، «قۇياش»، «يۇرتىمىز كەڭساي»، «تەرمىلەر، «دولان»، «مەخسۇس»، «قۇياش»، «ئەلقۇت مەرىپەت تورى»، «كەلگۈسى»، «ئۇيۇشقاق مۇنبىرى» قاتارلىق تور بەتلىرى ۋە مۇنبەرلەردە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ھېكمەت، ماقالە ـ ئەسەرلەر.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马土谱热克
　　　　　阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：司依尔·买买提
责任校对：努丽曼·卡迪尔
封面设计：吾不力卡斯木·艾买提
制　　版：阿不迪力木·吐尔逊

健康快车系列人生指南丛书

**人生真理**（维吾尔文）

吾布力阿西木·卡斯木　编

新 疆 人 民 出 版 总 社
新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　7.125 印张
2013 年 1 月第 1 版　2013 年 1 月第 1 次印刷

ISBN 978－7－5466－1307－9（民文）　定价：22.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ئوبۇلقاسىم ئەمەت




- ھايات ھەققەتلىرى
- تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى
- يىگىتلەر ۋە مۇھەببەت
- قىزلار ۋە سۆيگۈ
- ئەرلەر ھەققىدە پاراڭلار
- ئاياللار ھەققىدە پاراڭلار
- ئاتا ـ ئانا ۋە بالا تەربىيەلەش
- ئادەم ۋە كېسەللىك

ISBN 978-7-5466-1307-9

9 787546 613079 >

定价:22.00元